مەملىكەتلىك قانۇنچىلىق ژۇرناللار جەمئىيىتى مەملىكەت بويىچە 100 ئىزچىللىقتا كۆرسىتىپ بەرگەن ژۇرنال



□ زوراۋانلىققا قارشى شەمشەر

★ قانغا بويالغان تاۋكا

● شىنجاڭدا باندىت تازىلاش

ئاقسۇدا زوراۋان تېررورچىلار
گۇرۇھىنىڭ تارمار قىلىنىشى

# ئامانلىق

2
2000


CN65 – 1009/D – W
1009-1844
02>

«تو» ماركىلىق هاراق سىلەرگە شادلىق ئاتا قىلىدۇ

**«تو» ماركىلىق ئالاھىدە هاراق** سىچۈەن
«تو» ماركىلىق هاراق پاي ھەسسىدارلىق شىركىتى يېڭى ئە.
سىر يېتىپ كېلىش ئالدىدا ھەر مىللەت خەلقىنى ئەڭ يېڭى
مەھسۇلات بىلەن تەمىن ئېتىدۇ . بۇ مەھسۇلات كەڭ ئىستې.
مالچىلارنىڭ هاراق ئىستېمال قىلىش ئادىتىنى تولۇق تەتقىق
قىلىش ئاساسىدا ، ئەنئەنىۋى هاراق ئىشلەش ھۈنەر ـ سەنئىتى
بىلەن زامانىۋى پەن ـ تېخنىكىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىگەن .
**«تو» ماركىلىق هاراق** 1999 ـ يىل بازارغا سې.
لىنغان ئالىي سۈپەتلىك مەھسۇلات . بۇ هاراق سۈپەتلىك ھەم
ئەرزان بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، كەڭ ئىستې.
مالچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن .







«تو» ماركىلىق ئالاھىدە هاراق كەڭ ئىستېمالچىلارنىڭ سالامەتلىك تەلىپىنى قاندۇرىدۇ. بۇ مەھسۇلات كەڭ ئىستېمالچىلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئالتۇن ماركا بولۇپ قالغۇسى!

# ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، غەربىي قىسمىنىڭ ئۇلۇغۋار تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتايلى

جۇشېڭتاۋ

بۈگۈن، شىنجاڭدىن مەملىكەتلىك 6 ـ قېتىملىق ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەرنى قىزغىن تەبرىكلىمەكتىمىز. ئابلەت قاتارلىق 6 يولداش ئاچقۇچلۇق پەيتتە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، جىنايەتچى ئۇنسۇرلار بىلەن كۈرەش قىلىپ ئىنتايىن زور قەھرىمانلىق كۆرسەتتى. قەھرىمانلارنىڭ ئىش-ئىزلىرى ئۇلارنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئىجتىمائىي توغرا كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرۇشنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى. نۆۋەتتە، بىز دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمىنى ئېچىش، تەرەققىياتنى تېزلىتىشتەك پايدىلىق پۇرسەتتە تۇرماقتىمىز.

تەرەققىي قىلىمىز دەيدىكەنمىز چوقۇم مۇقىم بولغان ئىجتىمائىي مۇھىت بولۇشى لازىم، بۇ تەرەققىياتنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئۇلى. شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت، ئۇنىڭدىن باشقا جەمئىيەتتىكى ھەر خىل جىنايەتلەر، كۆتۈلمىگەن ۋەقەلەر ۋە تەبىئىي ئاپەت قاتارلىقلار. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ھەممە ئادەم ھايات ـ ماماتلىق تاللاشقا دۇچ كېلىدۇ ۋە ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش روھىغا تېخىمۇ مۇھتاج بولىدۇ.

مەخسۇس كۈچنى خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشنى ياراتقان بىر تۈرلۈك مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبە. ئەگەر پۈتۈن جەمئىيەتتە توغرا كەيپىيات ئەۋج ئالدۇرۇلۇپ، ھەممە خەتەرلىك پەيتتە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىدىغانلا بولسا، ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ جىنايى ھەرىكەتلىرى كەڭ خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن چەكلىنىدۇ. بۇ يىللاردا شىنجاڭدا ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن مۇنەۋۋەر شەخسلەر ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق روھى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەدھىيىلىشىگە ئېرىشتى. خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. بۇ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنىڭ ئۇلى.

ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن ئىلغارلار جەمئىيەتكە تۆھپە قوشتى، پۈتكۈل جەمئىيەتمۇ ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى، قوللىشى كېرەك. شۇڭا بىز ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن قەھرىمان نەمۇنىچىلارنى داغدۇغىلىق تەقدىرلەپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشىمىز لازىم. پەقەت پۈتۈن جەمئىيەت ھەرىكەتكە كەلسىلا بىرلەشمە كۈچ ھاسىل قىلغىلى، ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ، 6 نەپەر قەھرىمان نەمۇنىچىنىڭ ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش روھىنى كەڭ جارىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ، ئىجتىمائىي تەرتىپتە يەنىمۇ بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، ئېچىۋېتىش ،تەرەققىيات ئىشلىرىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

(1999 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، مەملىكەتلىك 6 ـ قېتىملىق ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن قەھرىمان نەمۇنىچىلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەرنى قارشى ئېلىش سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى)

# ئامانلىق

2000 ـ يىل 2 ـ سان

( ئومۇمىي 38 ـ سان)


باشقۇرغۇچى ئورۇن: ج ك پ ش ئۇ ئا ر سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى ، ش ئۇ ئا ر جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى

مەسلىھەتچىلەر: ش ئۇ ئا ر پارتكوم سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتىنىڭ بارلىق ھەيئەتلىرى

پەخرى مۇدىر: جۇ شېڭتاۋ

ئالىي مەسلىھەتچى: ئىسمايىل تىلىۋالدى، جاڭ شيۇمىڭ، لى فېڭزى ، شەن يۇشىڭ

مۇدىر: سۇڭ جىي

مۇئاۋىن مۇدىر: دۇشىنفۇ، چۇيۇەنلياڭ ، جياۋ مىڭچى ، ليۇ گواڭزۇ، ۋەن زۇڭلىن، بوشياۋ خو شياۋ چېن

ھەيئەتلەر:

ۋەن زۇڭلىن، ۋاڭ بېيىتىڭ، ھەدەن توختى، ليۇ گواڭزۇ، سۇڭ جىيى، چېن بەيجۇڭ ، شاۋ سۇۋېن ، ۋۇجەيەنگو ، خوشياۋ چېن ، دۇشىنفۇ ، غەيرەت نىياز ، جياۋ مىڭچى، جىڭ جيەنجۇڭ، چۇيۇەنلياڭ، سەي يۇجى ، بوشياۋ


## مۇھىم نۇقتىدا


ئادالەت يولىدا يېڭىلىق كۆرسىتىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، غەربىي قىسمىنىڭ ئۇلۇغۋار تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتايلى...... جۇشېڭتاۋ(1)


## تىپىك دېلو


ئاقسۇدا زوراۋان تېررورچىلار گۇرۇھىنىڭ تارمار قىلىنىشى ............................ سۇشىن (4)

زوراۋانلىققا قارشى شەمشەر................ گاۋ ياۋفېڭ(11)





ج خ مىنىستىرلىقىنىڭ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىكى زوراۋان تېررورچى ئۇنسۇر تورغۇن بىر قاتار ۋەھشىيانە تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلغان، ئۇنىڭ شېرىكلىرى بۇ تېررورلۇق تەشكىلاتىنىڭ ئىشلەتكەن تاپانچىلارنىڭ گەنسۇدىن كەلتۈرۈلگەنلىكىنى ئىقرار قىلغان.

## دېلو دەھلىزى


قانغا بويالغان تاۋكىل........................ راخمانجان رۇسول(20)

قەرز ماجىراسىدىن كېلىپ چىققان پاجىئە...................................................(25)

پولاتقا كۆزى چۈشكەن سەتەڭ ..........................(29)

بۇلاڭچىنى يەم بىلەن قولغا چۈشۈرۈش.... گاۋ ياۋفېڭ(34)


## دېلودىن خاتىرە


ئۇ نېمە ئۈچۈن جىيەن ئوغلىغا زىيانكەشلىك قىلدى؟ ................................ گاۋ دېڭشۇ(39)

# بوستان


## مۇلاھىزە

ئېپپەت ھوقۇقى دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىغان-
دا. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . شياۋ خۇا(44)

## سوۋغا

شىنجاڭدا باندىت تازىلاش . . . . . . . . . . . . . . لى باۋشېڭ (46)

## نەزەر

ئايرودرومدا 11 يىل سەرگەردان بولغان كىشى . . . . . . . . . (56)




كېرىم نەسرۇل مىلان ئىسىملىك كىشى قانۇنلۇق كىملىك گۇۋاھنا-مىسىنى يوقىتىپ قويۇپ فرانسى-يىنىڭ دېگول ئايرودرومىدا 11 يىل سەرگەندان بولۇدۇ. . .

موسكۋادىكى «پېرىپ مۇلازىمەن قىلىدىغان قىز-لار». . . . . . . . . . . . . . . . . . . ئو. فۇچكىن(58)

## تەرمىلەر

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . (62)

## ئەپەندى كۈلۈپتۇ

**(63)**. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

## كۆكۈل ئارزۇسى

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . (64)



باش مۇھەررىر: دۇشىنفۇ
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: سەي يۈجى
تەكلىپلىك مۇھەررىر:
قادىر ئىبراھىم
جاۋابكار مۇھەررىر:
ئەخمەت راخمان
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى:
ئۆمەرجان قاسىم
بەت تۈزگۈچى :
رەيھانگۈل خالىق
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇ-
چى:
«ئامانلىق» ژۇرنىلى تەھرى-
راتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
CN65- 1009/ DW
ISSN 1008- 1844
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى:
85 _ 147
ئېلانغا روخسەت قىلىش
كىنىشكا نومۇرى: 00535177
باسقۇچى: ئەدلىيە باسمازا-
ۋۇتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى
ساغلاملىق يولى 2 _ قورۇ
تېلېفون: 2391385
پوچتا نومۇرى: 830003
باھاسى: 4.00 يۈەن
(بوستان 30 _يانۋار نەشردىن
چىقتى)
مۇقاۋىدىكى سۈرەتنى
فاتىخ شەرىف تارتقان



# ئاقسۇدا زور ۋاقىت تېررورچىلار گۇرۇھىنىڭ تارمار قىلىنىشى

سۇ شىن

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

## بىرىنچى باب كۈنىڭ قىممىتى كېچىككە ئايلانغان فارمان

تۈن پەردىسىگە چۈمگەن كۆسەن قەدىمى كېچىكى بويىدىكى كوچىدىن تۈن جىمجىتلىقىنى بۇزغان ھالدا بىر موتسىكلىت ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. موتسىكلىت مىنگۈچىنىڭ ئەينەكلىك قالپىقىنىڭ ئەتراپىدىن شامال يۆنىلىشى بويىچە يەلپۈنگەن بۇدرەچاچلار چىقىپ قالغانىدى. ئۇ دەل ئابلا يېڭىدىن تونۇشقان ساھىبجامال قىز D × ئىدى.

چۈشتىن كېيىن ئابلا قەدىمى كېچىك كۆۋرۈكى ئاستىدا D × كە ئاقسۇ شەھىرىدىن يۆتكەپ كېلىنىدىغان قورال - ياراغنىڭ كۇچاغا ئېلىپ كېلىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەن ھەم D × نىڭ ئاقسۇ شەھىرى «قىزىل كۆۋرۈك»تە ئولتۇرۇشلۇق A × كە چاقىرغۇ بېرىپ گەپ يەتكۈزۈپ بېرىشىنى ئۆتۈنگەن، ئۆزى سۆيگەن يىگىتىنىڭ «بۈيۈك پىلانى» ئۈچۈن D × خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولغانىدى.

D × نىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى رازۋېدكا خادىملىرىمىزنىڭ قاتتىق نازارىتىدە ئىكەنلىكىنى D × زادىلا بىلمەيتتى، ئۇنىڭ قاچان نەگە بارغانلىقى، نېمىلەرنى قىلغانلىقى سىگنال ئارقىلىق قوماندانلىق شتابىمىزغا يەتكۈزۈلۈپ تۇراتتى.

D × 2 قەۋەت بىر بىنانىڭ ئالدىدا موتسىكلىتنى توختاتتىدە، تېزلا 2 - قەۋەتكە چىقتى، ئۇنى ساقلاپ تۇرغىنى ئابلا بولماستىن بەلكى ئابلاغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاپ كېتىدىغان ئىنىسى ئىدى.

بۇنىڭدىن خەۋەرسىز قالغان رازۋېدكا خادىملىرىمىز تاقەت قىلىپ تۇرالماي قوماندانلىق شتابىغا رازۋېدكا ئەھۋالىدىن خاتا مەلۇمات بېرىپ قالدى، ئارقىدىنلا ھەرىكەت گۇرۇپپىسى بۇيرۇق بويىچە جىددىي ھالەتكە ئۆتتى...

چەبدەس بىر ئەترەت ساقچىلىرىمىز ئۆيگە باستۇرۇپ كىرگەندە، D × بىلەن ئابلانىڭ ئىنىسى قورقىنىدىن تاشپاقىدەك تۈگۈلۈپ بۇلۇڭغا تىقىلىۋېلىشتى.

مۇئاۋىن باشقارما باشلىقىغا شۇ نەرسە ئېنىق قولدەك ئايانكى، ئەگەر مىنۇت سېكۇنتنى قولدىن بېرىپ قويغاندا،



پىلاننى باشقىدىن تۈزۈپ باشقىدىن ھەرىكەت قوللىنىشقا توغرا كېلەتتى، پۇرسەت قولدىن كەتسىلا گۇمانخورلۇقتا ئۇچىغا چىققان ئابلا شەپىنى سەزگەن ھامان يەنە يوشۇرۇنىۋالاتتى. ئاشۇنداق جىددىي پەيتتە، تېزدىن D × بىلەن ئابلانىڭ ئىنىسىنى ئۇشتۇمتۇت سوراق قىلىپ، ئابلانىڭ لەۋزىدە تۇرمىغانلىقىنىڭ تەسىرى ۋە ئىنكاسىنى ئىگىلەپ، باشقىدىن تەدبىر بەلگىلەپ، ئۇنى تۇتۇپ دېلونى پاش قىلىش زۆرۈر ئىدى.

ئابلا 33 ياشتا بولۇپ، 25 ياشقا كىرگەندە جانبازلىقنى يوشۇرۇن مەشىق قىلىپ چېنىققان، 28 يېشىدا كوچادىكى مەخپىي قارىخانىدا ئوقۇپ دىنىي ئىلىم ئۆگەنگەن، 30 يېشىدا ئۆچتۇرپانغا بېرىپ بىرتوپ جېدەلخور لۈكچەكلەر بىلەن دوست تارتىشىپ قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىن ئابلىز ئابدۇكېرەم بىلەن تونۇشۇپ، زوراۋان تېررورچىلار جىنايەت شايكىسى تەشكىللىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ جەمئىيەت بىلەن قارشىلىشىش ئىستىكى كۈچىيىپ نوخۇلىسى بارغانسېرى ئۆسۈپ كەتكەن ......

«تاك - تاك - تاك!» قىلىپ ئىشىك چېكىلگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئابلا قورقىنىدىن سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە قوينىدىن تاپانچىسىنى چىقاردى، ئۇ ئىنىسى بىلەن × Dنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ چىرايىدىكى قورقۇنچ يوقالدى.

ئابلا ئىشىكنى ئېچىۋاتقان شۇ پەيتتە ساقچىلىرىمىزدىن بىرى چاقماق تېزلىكىدە ئابلانىڭ قولىغا كويزا سېلىۋالدى.

ئابلانىڭ ئىقرارىدىن مەلۇم بولۇشىچە، «10 - فېۋرال» دېلوسىدىكى باش جىنايەتچىنىڭ بىرى بولغان ئابلىز ئابدۇكېرەم تېخىچە ئاقسۇ شەھىرىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن، باشقا تۆت جىنايەتچى كوچاغا قېچىپ كەلگەنىدى. سوراق جەريانىدا دېلو گۇرۇپپىمىز يەنە كوچا ناھىيىسىدە يەنە بىر زوراۋان تېررورچىلار شايكىسىنىڭ بارلىقىدىن ۋە ئۇنىڭ كاتتىۋېشى مۇتەللىپنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولدى.

«10 - فېۋرال» مەخسۇس دېلو قوماندانلىق شتابى كېچىلەپ جىددىي يىغىن ئېچىپ، كوچىنى 2 يولغا بۆلۈپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنى، بىر گۇرۇپپا ئابلىز ئابدۇكېرەمنى تۇتۇش، يەنە بىر گۇرۇپپا باشقا تۆت جىنايەتچى بىلەن مۇتەللىپنى تۇتۇشنى قارار قىلدى.

جىنايەتچىنى تۇتۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن چوقۇم ئۇنىڭ تۇرىدىغان كونكرېت جايىنى ئېنىقلاش زۆرۈر ئىدى. قوماندانلىق شتابى بۇ ۋەزىپىنى ئايرىم ئايرىم ھالدا ئاقسۇ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى بىلەن كوچا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىگە تاپشۇردى.

- مەخپىيەتلىككە قاتتىق دىققەت قىلىڭلار، ئەگەر مەخپىيەتلىك ئاشكارىلىنىپ قالسا، ئۇ قېچىپ كېتىشى ياكى ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشى مۇمكىن، ياكى بولمىسا كەچ كۈزدە ئۇششۇك تەگكەن ھەرە قاتتىق چېقىۋالغاندەك ئۆچ ئېلىشى مۇمكىن، شۇڭا ئالاھىدە ئېھتىياتچان بولۇپ مۇداپىئەنى كۈچەيتىڭلار!.

ئەمما، تەكشۈرۈش تەدبىرلىرى قاتتىق مەخپىي بولمىغانلىقتىن، مەخپىيەتلىك ئاشكارىلىنىپ قېلىپ ئابلىز ئابدۇكېرەم ئۆز ئادەملىرى تەرىپىدىن مەخپىي ئۆلتۈرۈۋېتىلدى.

قوماندانلىق شتاب شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى ۋە ساقچىخانا رەھبەرلىرىنى ج خ باشقارمىسىغا چاقىرتىپ كەلدى. ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، باش قوماندان ئاۋۋال دېلو ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرمەي پەقەت:

- ھەرىكەتكە قاتناشقان ساقچىلارنىڭ كەيپىياتى قانداقراق؟ - دېگەن مەسىلىنى سورىدى.

ساقچىخانا باشلىقى ناھايىتى تېزلا:

- ياخشى، ھېچكىم بەل قويۇۋەتمىدى، دەپ چورتلا كېسىپ جاۋاب بەردى.

- ئەمىسە ياخشى، كۆتۈلمىگەن ئەھۋالدىن خالىي بولماق تەس، بۇندىن كېيىن ساۋاقنى قوبۇل




كىم ئۆز ۋەتىنىگە مەنسۇپ بولمىسا، ئۇ ئىنسانىيەتكىمۇ مەنسۇپ ئەمەس.

قىلىساڭلارلا بولىدى. مۇھىمى ئۇنىڭ ئۆلۈشى بىز-
نىڭ كەيپىياتىمىزنى سۇسلاشتۇرۇپ قويمىسۇن، -
دېدى باش قوماندان قەتئىي ھالدا.
4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى كەچتە، «10 - فېۋ-
رال» مەخسۇس دېلوسى قوماندانلىق شتابى شەھەرلىك
ج خ ئىدارىسى تەكشۈرگەن ئەھۋالغا ئاساسەن، 220
دىن ئارتۇق ج خ ساقچىسى، قوراللىق ساقچى قىسىم
جەڭچىلىرىنى تەشكىللەپ ئاقسۇ شەھىرىدىكى 3
نۇقتىدا بىرلا ۋاقىتتا ئاختۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، ئاب-
لىمىز ئابدۇكېرەمنى مەخپىي قەتلى قىلغان جىنايەت-
چىلەر شايكىسىنىڭ ئەزاسىنى، يوشۇرۇنۇپ ياتقان 3
جىنايەتچىنى قولغا چۈشۈردى، ئالدىن سوراق قىلىش
داۋامىدا ئابلانىڭ ئىقرارى دەلىللەندى.

## تۇنجى پاي ئاپاردا تۇتۇلغان ئاشاقلار

4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى سائەت 30: 20، بىر-
لەشمە مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى دېلوغا چېتىشلىق
گۇماندار مەسۇمنىڭ ئۆيىگە قورشاپ تۇتۇش زەربى-
دارلار ئەترىتى ئەۋەتىشنى قارارقىلدى.
مەسۇمنىڭ ئۆيى 10 مېتىر ئېگىز بېتون قورۇل-
مىلىق 2 قەۋەتلىك بىنا ئىدى. بىنانىڭ ئالدى شەرقق
قارايتتى، دەرۋازىسى ئايرىم - ئايرىم بولۇپ، تۆمۈر
دەرۋازىسىمۇ، ياغاچ دەرۋازىسىمۇ بار ئىدى. قورۇق
تېمى ناھايىتى ئېگىز ئىدى، قورۇق تېمىدىن يامى-
شىپ چىقتى دېگەن تەقدىردىمۇ ھويلىدا ناھايىتى
چوڭ بىر بۆرە ئىتى بار ئىدى. مەسۇمنىڭ سول تەرى-
پىدىكى قوشنىسى ئۇنىڭ نەۋرە ئىنىسى بولۇپ،
ئۇنىڭ ئۆيىمۇ 2 قەۋەتلىك بىنا ئىدى. ئۇنىڭ ھوي-
لىسىدىمۇ ناھايىتى چوڭ بىر بۆرە ئىت بار ئىدى.
ئوڭ تەرەپتىكى قوشنىسى قەۋەتسىز ئۆيدە بولۇپ، بۇ
ئۆيلە 20 نەچچە سىچۇەنلىك ئىشلەمچى تۇراتتى،
ئۆينىڭ ئالدى باغ، ئارقاتەرىپى كېۋەزلىك ئىدى.
4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سائەت 0 دىن 17 مىنۇت
ئۆتكەندە قورشاپ تۇتۇش زەربىدارلار ئەترىتى ئۈچ
يولغا بۆلۈنۈپ مەنزىلگە جىممىدە يېتىپ كەلدى:
بىرى نەق مەيداننى قورشاش تارماق ئەترىتى بولۇپ،
قوشنىلارنىڭ ئۆيىدە ساقلاپ تۇرۇشتى، بىرى كۆزە-
تىپ قوماندانلىق قىلىش تارماق ئەترىتى بولۇپ، قە-
ۋەتسىز ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى؛ يە-
نەبىرى ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرىش ئەترىتى بولۇپ،
باغدىكى قىغ دۆۋىسىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇندى.
سۇتەرەڭ ئاي نۇرى مەسۇمنىڭ بىناسىنى، ئەترا-
پىدىكى ئۆيلەرنى ئېنىق يورۇتۇپ تۇراتتى،
2 ساقچى ھېلىقى قەۋەتسىز ئۆينىڭ ئۆگ-
زىسىگە يامىشىپ چىقىپ ئەتراپىنى كۆ-
زىتىۋاتقاندا، بۇ ئۆيلەرنىڭ ئالدى تەرىپىدىن
2 قارا كۆلەڭگە بىناغا يېقىنلاپ كەلدى، كۆلەڭگىلەر
مەسۇمنىڭ ئۆيىگە ئاز قالغاندا بىردىنلا ئارقىغا ئۆ-
رۈلۈپ قاچتى. ئۆگزىدە كۆزىتىۋاتقان بىر ساقچى
دەرھال سىمسىز تېلېفون بىلەن ساقلاپ ياتقان نەق
مەيداننى قورشاش تارماق ئەترىتىنى چاقىردى. نەق
مەيداننى قورشاش تارماق ئەترىتى دەرھال 2 قارا كۆ-
لەڭگىنى تۇتۇۋالدى. شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئۇشتۇم-
تۇت سوراق قىلىش ئارقىلىق مەلۇم بولدىكى، بۇ
ئىككىسى ئابدۇللا قاسىم قاتارلىق جىنايەت گۇما-
دارلىرىغا ۋاكالىتەن مەسۇمنىڭ ئۆيىنى پايلاپ باققى-
لى كەلگەنلەر بولۇپ، ئۇلار غەيرىي ئەھۋالنى سېزىپ
ئابدۇللا قاسىمغا چاقىرغۇ ئارقىلىق خەۋەر بەرمەكچى
بولۇۋېتىپ ئۆگزىدىكىلەرنى كۆرۈپ قېلىپ قاچقان
ئىكەن.
كۆزىتىش ئەترىتىنىڭ پاكار ئۆگزىدە خىزمەت
قىلىشى ئاقماي قالدى. شۇڭا مەسۇمنىڭ نەۋرە ئىنى-
سىگە سەۋرچانلىق بىلەن خىزمەت ئىشلەش ئارقى-
لىق 2 كۆزەتكۈچى خادىم ئۇنىڭ 2 قەۋەتلىك ئۆينىڭ
ئۆگزىسىگە چىقتى ھەملە يوتقان كۆرپە ئارىيەت
ئېلىپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالدى.
سەھەر سائەت 30: 6 دا، بىنانىڭ ئالدى تەرىپىدىن
3 كۆلەڭگە يېقىنلاپ كەلدى.
- ئۇلجا كۆرۈندى! - كۆزەتكۈچى سىمسىز
تېلېفون ئارقىلىق پەستىكى ئەترەتلەرگە خەۋەر بەر-
دى، ھەر قايسى ئەترەت تەييارلىنىڭلار!
ئالاھەزەل 5 مىنۇت ئۆتكەندە، كۆزەتكۈچى خا-
دىم:
-ئۇلجا ئىشكنى ئېچىپ ئۆيىگە كىردى! - دەپ مەلۇمات
بەردى.
زەربىدارلار ئەترىتى چەبدەسلىك بىلەن ئىمز بې-
سىپ كەلدى، گەرچە ئۇلار شۇنچىلىك يېنىك قەدەم
ئالغان بولسىمۇ، يەنىلا مەسۇمنىڭ بۆرە ئىتىنى ئوي-
غىتىپ قويدى، بۇ ئىت قاۋاپ قوشنا ھويلىدىكى
ئىتنى ئويغىتىۋەتتى، نەتىجىدە 2 ئىت زەردە بىلەن
قاۋاپ كەتتى.
- ئادەم باركەن، - ئۆيدىن ناھايىتى قوپال ئاۋاز
ئاڭلاندى، -قېرىنداشلار، تەييارلىنىڭلار!
شۇئان، زەربىدارلار ئەترىتىدىكى K × ئۈچ ئاچا
ئىلمەكنى قورۇق تامغا مەھكەم ئىلىۋېلىپ، گۇمپى-
سىنى ئىشقا سېلىپ خۇددى بۈركۈتتەك يۇقىرىغا
ئۆرلەپ تامدىن ئارتىلىپ ھويلىغا چۈشتى. بۆرە ئىت
ئەسەبىيلەرچە قاۋاپ ئېتىلىپ كەلگەنلىكتىن K ×
ئىتنى ئېتىۋەتتى.
ئۆيدىكى 3 ئادەم ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ قورالل-
رىنى ۋە خەنجەرلىرىنى چىقىرىپ تەق بوۋپ
تۇرۇشتى، K × تۆمۈر ئىشكنى ئېچىپ



قالغان ۋ ئەزىمەتنى كىرگۈزۈۋەتتى. K ×دەل ئى-
شىكنى ئېچىۋاتقاندا، جىنايەتچىلەر ئاتقان 2 پاي
ئوقنىڭ بىرى K ×نىڭ پېشانىسىغا تەگدى، يەنە
بىرى قۇلىقىنى سىزىپ ئۆتۈپ كەتتى. K ×بىر
ئىرغىپلا دەرھال ئوق چىقىرىپ قايتۇرما زەربە بەردى-
دە، جىنايەت گۇماندارى مۇھەممەت ئابلانى يارىلان-
دۇردى. يەنە بىر جىنايەت گۇماندارى ئابدۇللا قاسىم
قورالىنى بەتلەپ ئوق چىقىراي دېگىچە K ×
نىڭ كەينىدىكى بىرەيلەن ئوق چىقىرىپ ئۇ-
نىمۇ يارىلاندۇردى. مەسۇم 30 نەچچە سانتى-
مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر خەنجەرنى ئوينات-
قىنىچە ئەترەت ئەزالىرىمىزغا بۆرە كەبى
ئېتىلغاندا، ئەترەت ئەزالىرىدىن بىرى ئۇنىڭ
خەنجەر تۇتقان ئوڭ قولىغا بىر پاي تەگكۈز-
دى. K ×ۋە باشقا ئەترەت ئەزالىرى چاققانلىق
بىلەن 3 جىنايەتچىنىڭ قولىغا كويزا سالدى،
نەق مەيداندىلا ئۇلارنى ياسىۋالغان كىچىك
كالىبىرلىق تاپانچىدىن ئىككىسى، 48 پاي
ئوق، 1 خەنجەر غەنىيمەت ئېلىندى.

3 جىنايەتچىنى ئالدىن سوراق قىلىش
ئارقىلىق «22 -مارت» «24 -مارت»، «27 -مارت»
دېلولىرىنى ئابدۇللا قاسىم، مۇھەممەت ئابلا
باشچىلىقىدىكى زوراۋان تېررورچىلار شايكى-
سىنىڭ سادىر قىلغانلىقى ئېنىقلاندى ھەمدە
قولغا چۈشكەن جىنايەتچىلەر تەمىنلىگەن
يىپ ئۇچىغا ئاساسەن مەزكۇر جىنايەت شاي-
كىسىنىڭ قېچىپ يۈرگەن باشقا 12 ئەزاسى-
نىڭ ھەممىسى قولغا چۈشۈرۈلۈپ دېلو تەل-
تۆكۈس پاش قىلىندى.

## بەشىنچى باب 314 - نومۇرلۇق دولەت يولىدىكى كەسكىن جەڭ

«22 -مارت»، «24 -مارت»، «27 -مارت» قاتىل-
لىق بۇلاڭچىلىق دېلولىرىنىڭ پاش قىلىنىشى
«10 -فېۋرال» مەخسۇس دېلوسى گۇرۇپپى-
سىدىكى جەڭگە قاتناشقان ساقچىلارغا ناھا-
يىتى زور ئىلھام بولدى.

4 -ئاينىڭ 13 -كۈنى ئاقسۇ ۋىلايەت-
لىك پارتكوم، ج خ مىنىستىرلىقى، ج خ نا-
زارىتى خىزمەت گۇرۇپپىسى ھەم ۋىلايەتلىك
«10 -فېۋرال» مەخسۇس دېلوسى قوماندانلىق
شتابىنىڭ مەسئۇللىرى كېچىلەپ كۇچا نا-
ھىيىسىگە بېرىپ قورشاپ تۇتۇش بىرلەشمە
قوماندانلىق شتابى قۇردى.

جەڭدىن بۇرۇنقى تەييارلىق خىزمەتلىرى
جىددىي، تېز ھەم تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلماقتا
ئىدى. بۇ كۆپ تەرمىلىمە كۈچ، كۆپ ساقچى
تۈرلىرىنىڭ «15 -ئاپرېل» بىرلەشمە قوماند-
انلىق شتابىنىڭ بىر تۇتاش قوماندانلىقىدى-
كى بىرلەشمە جەڭ ئىدى.

4 -ئاينىڭ 15 -كۈنى سەھەر سائەت
دەل تۆتتە، بىرلەشمە قوماندانلىق شتابىنىڭ
باش قوماندانى كۇچا ناھىيىلىك ج خ ئىدارى-
سىنىڭ قورۇسىدا بۇ قېتىمقى جەڭگە قاتنى-
شىدىغان بارلىق خەلق ساقچىلىرى، قوراللىق
ساقچىلارنى جەڭگە سەپەرۋەر قىلغاندا، 2 نە-
پەر ئالدىنقى سەپ قوماندانى باش قوماندانغا
سالام بېرىپ:

-باش قوماندان، خاتىرجەم بولۇڭ، ۋەزى-
پىنى قەتئىي ئورۇندايمىز! ، -دېدى.

سائەت 4 تىن 13 مىنۇت ئۆتكەندە 2 ئال-
دىنقى سەپ قوماندانى پولات قالپىقىنى رۇس-
لاپ كىيىپ قورشاپ تۇتۇش خادىملىرىنى
باشلاپ يولغا چىقتى.

سائەت 4 تىن 28 مىنۇت ئۆتكەندە باش
قوماندان:

2 نەپەر ئالدىنقى سەپ قوماندانى دىق-
قەت، ئورنىڭلارنى مەلۇم قىلىڭلار! ، -دېدى
سۆزلىشىش ئاپپاراتى بىلەن بۇيرۇق بېرىپ.

-1 -نومۇر دوكلات قىلىدۇ: قورشاپ
تۇتۇش ئەترىتىمىز بەلگىلەنگەن ئورۇنغا يې-
تىپ كەلدى!

-2 -نومۇر دوكلات قىلىدۇ: بىز ئۆز
ئورنىمىزدا تەق بولدۇق!

سائەت 4 تىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە باش
قوماندان دەرھال بىر قارارغا كېلىپ:

- ھەرىكەتلىنىڭلار! -دەپ بۇيرۇق
بەردى.

2 نەپەر ئالدىنقى سەپ قوماندانى
بۇيرۇق چۈشۈرگەن ھامان قورشاپ



تۈنتۈش ئېغىزىدىكى زەمبىرەكلەر 2 جايىدىكى زورلۇق قاتىللار يوشۇ-
رۇنغان ھويلىنىڭ دەرىزى
سىنى چېقىپ يوسۇپ كىردى.

2 ـ مۇمۇرلۇق قورشاپ تۈنتۈش ئېغىزىنى ز $\chi$ نىڭ ئۆيىدە
ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمىدى، ئەمما 1 ـ نومۇرلۇق قور-
شاپ تۈنتۈش ئېغىزىدىكى زەمبىرەكلەر دەرۋازىنى چېقىپ يۇسۇپ
كىرگەن چاغدا ئوڭ تەرەپتىكى دېرىزىدىن بىر نەچچە پاي جىنايەت-
لىك ئوق ئۇچۇپ كەلدى. بۇ «T» شەكىللىك ئۆي بولۇپ، سول
تەرەپتىكىسى مېھمانخانا، ئوتتۇرىدىكىسى ۋە ئوڭ تەرەپتىكىسى
ھوجرا ئۆيلەر بولۇپ، 4 ئېغىزلىق زىچ جايلاشقان ئاھالىلەر ئارقا ـ
ئارقىدىن دېرىزىدىن ئۆي ئىچىگە ياش ئاققۇزۇش بومبىسى تاشلى-
ۋىدى، تېزلىكتە تۈتۈن ئوڭ تەرەپتىكى ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن
يۇرقىراپ سىرتقا تارىدى. بۇ چاغدا 1 ـ نومۇرلۇق ئالدىنقى سەپ
قوماندانى:

ـ زەمبىرەكلەر گۇرۇپپىسى ئىشىكنى چېقىپ ئېچىڭلار، 2 ـ
گۇرۇپپا ئاتلىنىڭلار! باشقا گۇرۇپپىدىكى خەلق ساقچىلىرى تەي-
يارلىنىڭلار! ـ دەپ ۋارقىراپ بۇيرۇق بەردى.

3 نەپەر زەمبىرەكلەر ئوڭ تەرەپتىكى ئۆينىڭ ئىشىكىنى تېپىپ
ئاچقاندا، 1 پاي ئوق بىر زەمبىرەكنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن ۋىشىلداپ ئۆ-
چۈپ ئۆتتى، بۇ چاغدا ئۇ دەرھال قايتۇرما زەربىگە ئۆتۈپ، «10 ـ
فېۋرال» دېلوسىغا چېتىشلىق جىنايەتچىدىن 1 نى يارىلاندۇردى.
زەمبىرەكلىرىمىز جىنايەتچىنى قانات ئاستىغا ئالغان ئۆي ئىگى-
سىنى قولغا چۈشۈردى.

شەھەر سائەت 5 تىن 10 مىنۇت ئۆتكەندە، 1 نومۇرلۇق ئال-
دىنقى سەپ قوماندانى باش شتابقا دوكلات بېرىپ: ـ ئېغىزىمىز
قورشاپ تۈنتۈشنى تاماملىدى، 1 زورلۇقنى يارىلاندۇرۇپ، بۇشۇرغۇ-
چى ئۆي ئىگىسىنى قولغا چۈشۈرگەندىن باشقا يەنە 64 تىپلىققا
تەقلىد قىلىپ ياسالغان تاپانچىدىن 5 نى، ئۆزگەرتىپ ياسالغان كى-
چىك كالىبىرلىق مىلتىقتىن 1 نى، «تەڭرىتاغ» ماركىلىق تۈتۈنسىز
بومبىسىدىن 33 نى، 6.5 كىلوگرام پارتلاتقۇچ دورىسى، 56 پاي
ھەرخىل ئوق، 3 تال پىستان، 3 تال قەرەللىك پارتلىتىش قۇرۇلمىسى
ھەم 3362 يۈەن نەق پۇلنى قولغا چۈشۈردۇق، قايتا ـ قايتا ئاقتۇرۇش
ئارقىلىق «10 ـ فېۋرال» دېلوسىنىڭ باش جىنايەتچىسىنى بايقى-
مىدۇق، يوليورۇق بەرگەيسىز! ـ دېدى.

ـ ياخشى قىپسىلەر، رەھمەت سىلەرگە بولدىلار! سىلەر
دەرھال ئادەم ئاجرىتىپ يارىلانغان زورلۇقنى دوختۇرخانىغا قۇتقۇ-
زۇشقا ئېلىپ بېرىڭلار ھەم تېزدىن خادىم تەشكىللەپ نەق مەيدان-
دىلا ئايلىنىسىمەت بەكرىنى ئۈشتۈمتۇت سوراق قىلىڭلار، باشقىلار
ئۆز ئورنىدا بۇيرۇق كۈتسۇن! ـ دېدى باش قوماندان سۆزلىشىش
ئاپپاراتىدا بۇيرۇق بېرىپ.

سەھەر سائەت 5 تىن 21 مىنۇت ئۆتكەندە، 2 نومۇرلۇق ئالدىنقى
سەپ قوماندانى باش شتابقا دوكلات بېرىپ: ـ ئېغىزىمىزدىكى
جەڭگە قاتناشقان ئوفىتسېر ـ 1 پاي ئوق ئاتمايلا 7 نەپەر جىنايەت
گۇماندارىنى تۇتۇپ، بىر قىسىم قانۇنسىز ئۈن ـ سىن لېنتىلى-
رىنى ھەم بىر قىسىم جاھانشۇمۇللۇق ئەسۋابلىرىنى
قولغا چۈشۈردى، تارىلىنىش ئەھۋالى بولمىدى، «10



ـ فېۋرال» دېلوسىنىڭ باش جىنايەتچىسى بايقالمىدى، يوليورۇق
بەرگەيسىز! ـ دېدى.

باش قوماندان دەرھال:

ـ جەڭگە قاتناشقان ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەرگە رەھمەت،
سىلەر دەرھال ئادەم ئاجرىتىپ جىنايەت گۇماندارىنى سولاقخانىغا
ئاپىرىپ سوراق قىلىڭلار، قالغانلار 1 ـ نومۇرلۇق قورشاپ تۈنتۈش
ئېغىزىغا قوشۇلۇپ بۇيرۇق كۈتۈڭلار! ـ دەپ بۇيرۇق بەردى.

سەھەر سائەت 6 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە، 1 مومۇرلۇق ئال-
دىنقى سەپ قوماندانى:

ـ ئايلىنىسىمەت بەكرى «10 ـ فېۋرال» دېلوسىنىڭ ئاسا-
سلىق جىنايەتچىسىنىڭ كۈچا ناھىيە ئىشخىلا يېزا يېجاق كەنتىگە
قېچىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى! ـ دەپ
دوكلات قىلدى.

سائەت 6 دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە باش شتاب ئىشخانىسى
ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كۈچا، شايار، باي ۋە توقسۇ ناھىيىلىك ج خ
ئىدارىلىرىگە يوللارغا توساق قۇرۇش بۇيرۇقى چۈشۈردى.

تېخى تاڭ يورۇمىغانىدى. توقسۇ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى-
نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى C كېچىچە كىرىپىك قاقماي «22 ـ مارت»
مەخسۇس دېلوسىنى سوراق قىلىش بىلەن بولۇپ، ئەتىگەنلا ئىش-
خانىسىغا قايتىشىغا ئۈشتۈمتۇت تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى، ئۇ
تېلېفوننىڭ كۈچادىن كەلگەنلىكىنى بىلدى. ئۇ سائىتىگە قارى-
ۋىدى، سائەت 6 دىن 23 مىنۇت ئۆتۈپتۇ، ج خ ئىدارىسىدىكى بىر
قىسىم ساقچىلار كۈچا ناھىيىسىگە قورشاپ تۈنتۈش ھەرىكىتىگە
قاتناشقىلى كەتكەن ئىدى، يەنە بىر بۆلۈكى «22 ـ مارت» دېلوسى
بىلەن ئالدىراش ئىدى، ج خ ئىدارە ئورگىنىدا بولسا تېلېفونىست،
ئارقا سەپ مۇلازىمەت خادىملىرى ھەم ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمىدىكى
قورال ـ ياراغ ساقلاش ساقچىلىرىلا قالغان ئىدى. ئۇ كارىۋاتتىن
چۈشۈپلا ئۇدۇل باش ئاپپارات بۆلۈمىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ سۆزلى-
شىش ئاپپاراتىنى قولىغا ئېلىپ قورال ياراغ باشقۇرۇش بۆلۈمىدى-
كى W بىلەن قاتناش ساقچى ئېغىزىدىكى بىر ساقچىنى دەرھال
قوراللىنىپ 314 ـ نومۇرلۇق دۆلەت يولىنىڭ 836 كىلومېتىرلىق
جايىغا 415 مېتىر كېلىدىغان يەردە توساق ئورنىتىپ قۇرۇشنى بۇي-
رۇدى.

ئەتىگەن سائەت 7 دىن 25 مىنۇت ئۆتكەندە مۇئاۋىن ئىدارە
باشلىقى C 2 ساقچىنى باشلاپ توساق قۇرۇلغان جايغا يېتىپ بار-
دى. ئەتىگەن سائەت 10 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، كۈچادىكى «15 ـ ئاپرېل»
قورشاپ تۈنتۈش ئېغىزىنى يېجاق كەنتىدە بىر يېرىم سائەتلىك «گى-
لەم» شەكلىدە ئاختۇرۇش ئارقىلىق 3 نەپەر جىنايەت گۇماندارىنى
قولغا چۈشۈردى، شۇ جايدىكى بىر يەر ئاستى ھەربىي قورال ـ
ياراغ زاۋۇتىنى بىتچىت قىلدى، 27 پارچە قورال ـ ياراغ زاپچاسلىرى
(مىلتىق پايپىكى، ئوقدان قاتارلىقلار)، 1 تال كومپاس، 10 مېتىر
ئۇزۇنلۇقتىكى پىلىك، 1 تال توك مىلتىقى، 100 گىرام مىلتىق دو-
رىسى، 19 تال پىستان، 1 كوپزا، 1 توك كالتىكى، پارتلاتقۇچ يا-
سايدىغان ماتېرىيالدىن 8 كىلوگرام، «79» تىپلىق مىلتىق ئوقىدىن
7 پاي، 1 ئوقدان، 2 قىلىچ، 1 شەمشەر، 20 سانتىمېتىر ئۇزۇن-
لۇقتا 24 خەنجەر، ئالقاننىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇشتا چېنىقىدىغان

ئەسۋابتىن 1 دانە، بىلەكنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇشتا چېنىقتۇرىدىغان ئەسۋابتىن 1 دانە، «15 x 10» تېپلىق دۇربۇنلەن 1 دانە، ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىر كېلىدىغان 2 قارىغا ئېلىش ئەسۋابى، ئالىيۇمىن كۆملىچىدىن 19 دانە ھەمدە ئۈشكىلەش سىنانوكى، ئوكسىگېن نۆكى، سۆلفات كىسلاتاسى، ئازوت كىسلاتاسى قاتارلىق بىر تۈركۈم قورال ـ ياراغ، بومبا ياسايدىغان قورال ھەم پارتلاتقۇچىنىڭ ئەنگە توشقۇزۇپ ئورايدىغان(تۆمۈر پارچىلىرى) نەرسىلەردىن 59 كىلوگرام قاتارلىقلار ئولجا ئېلىندى، يەنە 1480 يۈەن نەق پۇل قولغا چۈشۈرۈلدى. ئەمما، ھېيلىگەرلىكتە ئۈچىنچى چىققان «10 ـ فېۋرال» دېلوسىدىكى ئاساسلىق جىنايەتچى شەپىنى ئاگلاپلا قېچىپ كەتكەندى، ئىگىلىنىشچە، بۇ جىنايەتچى ئەتىگەن سائەت 8 دىن 10 مىنۇت ئۆتكەندە قىزىل رەڭلىك «سانتانا» ماركىلىق پىكاپ بىلەن قاچقان.

سائەت 15 تىن 30 مىنۇتلار ئۆتكەندە، قىزىل رەڭلىك «سانتانا» ماركىلىق پىكاپ شەرقتىن غەربكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ توقسۇزدىكى ئوتلاق پونكىتنى توساق نۇقتىسىغا كەلگەندە، بىر ساقچى پىكاپنى توستى، پىكاپ توساق ئالدىدىلا توختىدى، شوپۇرنىڭ پىراۋىسى تەكشۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما پىكاپتىكى تۆت يولۇچى ئۆزلۈكتىلىك قىلىپ كىملىكىنى كۆرسەتمىدى، ھوشيار مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى C ئالدىغا چىقىپ تونۇش بۇيرۇقىنى چىقىرىپ سېلىشتۇراي، دەپ تۇرۇشىغا پىكاپتىكى ئىككى يولۇچى بىر ئىشىنى سەزدى بولغاي، دەرھال پىكاپتىن سەكرەپ چۈشۈپ ساقچى بىلەن C غا قارىتىپ ئوق چىقاردى، بىر پاي ئوق ساقچىنىڭ بېقىنىدىن تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى.

تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش ئەھۋالنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. C چەبدەسلىك بىلەن ئۆچۈپ كېلىۋاتقان ئوقتىن ئۆزىنى قاچۇرغاچ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، يەنە بىر ساقچىغا دەرھال بولنىڭ ئوڭ تەرىپىگە چېكىنىپ مۇكونۇش بۇيرۇقى بەردى، زوراۋانلار ھېلىقى ساقچىدا قورال بوقلىقىنى بايقاپ دەرھال ئوت كۈچىنى تاپانچىسى بار C غا مەركەزلەشتۈردى، C ھەربىي قىسىمدا ئەسكەرلىك ۋەزىپىسى ئۆتىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمەلىي ئۇرۇش مانېۋىرىغا قاتناشقان بولغاچقا، شۇ تاپتا ئۇ سوغۇققانلىق بىلەن ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزىنىڭ ئوت كۈچى بىلەن زوراۋانلارنى جەلپ قىلىپ سەپدىشىنىڭ چېكىنىشىنى قوغدىدى.

ئوتلاق پونكىتىدا چۈشلۈك تاماق يەۋاتقان W ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ چىنىسىنى قويىدى ـ دە، ئاپتوماتنى ئېلىپ تېزلا يېتىپ كەلدى ھەم يول ئۆلى بويىغا يوشۇرۇنۇپ زوراۋانلارغا ئوت ئاچتى.

W ساقچى مەكتىپىدىكى چاغدا قارىغا ئېلىپ ئېتىشتا مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى، يەنى مەرگەن ئىدى، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن دائىم قارىغا ئېتىش مەشىقى قىلىپ تۇردى، كېيىنچە ئۇ ساقچىلار تەرىپىدىن «قالتىس مەرگەن» دەپ ئاتالدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ مەرگەنلىكى تازا ئەسقاتماقتا ئىدى. ئۇنىڭ 3 پاي ئوقى 2 زوراۋاننى جەھەننەمگە يولغا سالدى.

پىكاپتىكى قالغان 3 زوراۋان ئۆز ئادەملىرىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ پىكاپنى دالدا قىلىپ بىر تەرەپتىن ساقچىلارغا ئوق ئاتسا يەنە بىر تەرەپتىن ناغاردىن 2 تال «79» تېپلىق مىلتىقنى ئېلىپ ئەسەبىيلەرچە ئوت ئاچتى.

ساقچىلىرىمىزنىڭ ئوقى تۈگەپ قالاي دېگەندى. زاپاس ئوق زوراۋانلارنىڭ پىكاپىغا 25 مېتىرچە كېلىدىغان جايدىكى ساقچى ماشىنىسىدا ئىدى. C دەرھال W غا زوراۋانلارنى ئۆزىگە قارىتىپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئۆزى ساقچىنى باشلاپ ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي ساقچى ماشىنىسىغا ئوق ئالغىلى ماڭدى، 3 نەپەر زوراۋان ساقچىلىرىمىزنىڭ ئوق كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىپ قالغانلىقىنى ھەم C نىڭ يەنە بىر ساقچى بىلەن بىللە ساقچى ماشىنىسىغا يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، 2 ئۆت كۈچىنى C غا بۆلكەندى، C ئازلاپ كېتىۋاتقان ئوقلىرى بىلەن زوراۋانلارنىڭ ئوت كۈچىنى ئۆزىگە قارىتىپ تۇردى، ھېلىقى ساقچى چاققانلىق بىلەن زاپاس ئوقنى ئېلىۋالدى.

دەل شۇ چاغدا 2 يۈك ئاپتوموبىلى شەرق تەرەپتىن يېتىپ كەلدى، يۈك ئاپتوموبىللىرىنىڭ شوپۇرلىرى بۇ يەردە بولۇۋاتقان ئالامەتلەرنى كۆرۈپ تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلەۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ تاماشا كۆرۈشمەكچى بولۇپ يېقىنلاپ كەلدى، يۈك ئاپتوموبىلى زوراۋانلارنىڭ پىكاپىغا 10 مېتىرچە كېلىدىغان جايغا كەلگەندە توختىدى. ئۇلار شۇندىلا ساقچىلار بىلەن زوراۋانلار ئوتتۇرىسىدا رەسمىي جەڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ قورققىنىدىن قاتتىق تورمۇز قىلدى، بىر شوپۇر بەك قورقۇپ كېتىپ ئىشتىنىغىمۇ سىيىپ تاشلىدى.

تېز ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۆزۈڭلارنى دالدىغا ئېلىڭلار، خەتەرلىك! ـ دەپ ۋارقىرىدى C 2 شوپۇرغا، 2 شوپۇر دەرھال ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۆلە تىرىلىشىگە قارىماي ئۆزلىرىنى يول ئۆلىنىڭ دالدىسىغا ئاتتى.

باختىمىزغا بولغىنى شۇكى، 2 يۈك ئاپتوموبىلى دەل جەڭ مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ ساقچىلار بىلەن زوراۋانلارنىڭ ئېتىشىشىنى توسۇپ قويدى، بۇ يەردىكى يول يۈزى يولنىڭ 2 قاسنىقىدىكى تۈزلەڭلىكتىن ئېگىز بولغاچقا، زوراۋانلارنىڭ ئوت كۈچىنى يۈك ئاپتوموبىلى توسۇپ قالدى، شۇڭا ئۇلار ساقچىلارنى كۆرەلمەي قارىسىغىلا ئوق ئاتقىلى تۇردى، يول ئۆلىنىڭ دالدىسىغا مۆكۈنگەن ساقچىلار بولسا پەسنە تۇرۇپ زوراۋانلارنى ئېنىق كۆرەلەيتتى، ھەققانىيەت ئۈچۈن ئېتىلغان ئوق زوراۋانلاردىن بىرىنى بەر چىشلەتتى.

ئېتىشىش بىرنەچچە سائەتچە داۋاملاشقاندىن كېيىن غەربتىكى بىر ماي باكى سىزىلغان «شەرق شامىلى» ماركىلىق ئاپتوموبىل كېلىپ قالدى، بۇ ئاپتوموبىلنىڭ شوپۇرى ئالدى تەرەپتىكى يۈك ئاپتوموبىلنىڭ يولنى توسۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ماشىنىسىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇمۇ ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ قورققىنىدىن تاشپاقىدەك تۈگۈلۈپ ماشىنىسىنىڭ ئىچىگىلا مۆكۈندى.



تازا قاملاشمىغان ئىش بولدى، بۇ ئاپتوموبىل ساقچىلىرىمىزنىڭ ئالدىنى توسۇۋې-

لىپ زورلاۋانلارغا دالدا بولۇپ بەردى. ئاپتوموبىل-
دىكى شوپۇرنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ھەم بۇ بىر
نەچچە ئاپتوموبىلنىڭ ماي باكىنىڭ پارتلىتىۋېتىل-
شىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن C دەرھال W غا قولى بىلەن
زورلاۋانلارنى قورشاشنى ئىشارەت قىلدى، W ئىشارەتنى
چۈشىنىپ يولنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا ئەگىپ ئۆتتى،
C بولسا زورلاۋانلارنىڭ غەربىي – شىمال تەرىپىگە ئە-
گىپ ئۆتتى.

C ئۆزىگە پۇختا دالدا تېپىۋالغاندىن كېيىن جا-
ھىللىق بىلەن-تىركىشىۋاتقان زورلاۋانلارنى قورال تاپ-
شۇرۇپ تەسلىم بولۇشقا ئۈندىدى، ئەمما، جىنايەتچى-
نىڭ چېكىگە يەتكەنلىكىنى بىلگەن زورلاۋانلار پەرۋا-
بى پەلەك ھالدا ئەسەبىيلەرچە قارشىلاشماقتا ئىدى.
ئۇلار ئاپتوموبىلنىڭ چاقلىرىغا ئوق ئېتىپ ئوت
تېشىۋەتتى، C دەرھال W غا:

– ئوق كۈچىنى كۈچەيتىپ زورلاۋانلارنى قىرىۋې-
لى، جەڭنى تېز ئاخىرلاشتۇرايلى! – دەپ ۋارقىرى-
دى.

«تا ...تا ... تات ... تا ... تا ... تات ... » ساق-
چىلىرىمىز زورلاۋانلارغا قارىتىپ غەزەپ بىلەن ئوت
ئاچتى، C دەرھاللا ئالدىغا چىقماستىن بەلكى زورلاۋان-
لارغا قاراپ ۋارقىرىدى، ھېچقانداق ئىنكاس بولمى-
غاندىن كېيىن W غا زورلاۋانلارغا ئاستا ئاستا يېقىن-
لىشىشنى ئىشارەت قىلدى. ئۆزى بولسا W نى ھە-
مايە قىلىپ تۇردى، W زورلاۋانلارغا يېقىنلاپ كەلگەن-
دە، 5 زورلاۋاننىڭ تۆتى ئاللىقاچان جەھەننەمگە ئۇزى-
غان ئىدى، شۇنىڭغىچە جەڭ توپتوغرا 45 مىنۇت داۋام
قىلدى.

C «10 – فېۋرال» دېلوسىدىكى تۇتۇش بۇيرۇقى
چىقىرىلغان جىنايەتچىلەرنى سېلىشتۇرۇش ئارقى-
لىق 5 زورلاۋاننىڭ 4 تىنىڭ ئەسلىدە ج خ ئورگانلىرى
تۇتماقچى بولغان «10 – فېۋرال» دېلوسىدىكى ئا-
ساسلىق جىنايەتچى ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدى، يەنە
بىرى شۇ دېلودىكى تېررورچىلارنىڭ ئەزاسى ئىدى.

جەڭ مەيدانىنى تازىلىغاندا، «64» تىپلىق تاپان-
چىغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان تاپانچىدىن 6 دانە، توك
سىلتىقتىن 1 دانە، «6.4» تىپلىق تاپانچا ئوقىدىن 10
پاي، «54» تىپلىق تاپانچا ئوقىدىن 8 پاي، «79» تىپلىق
سىلتىقتىن 3 دانە، ئوقىدىن 296 پاي، توك كاپسۇلى-
سىدىن 8 تال، ئوت كاپسۇلىسىدىن 9 دانە،
7 دانە خەنجەر، 1650 گرام پارتلاتقۇچ دورا،
9260.5 يۈەن نەق پۇل قولغا چۈشۈرۈلدى.



سائەت 17 دىن 47 مىنۇت ئۆتكەندە، بىرلەشمە
قورشاپ تۇتۇش قوماندانلىق شتابىدىكى مەسئۇل يول-
داشلار كۇچادىن جەڭ بولغان نەق مەيدانغا يېتىپ كې-
لىپ باتۇرلارچە جەڭ قىلغان 3 ساقچىدىن ھال سورى-
دى. شۇ كېچىسى سائەت 2 دە ج خ نازارىتى «10 –
فېۋرال» مەخسۇس دېلو قوماندانلىق شتابىغا تەبرىك
تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ج خ
ئورگانلىرىنىڭ زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، زو-
راۋان تېررورچىلارنى جازالاشتا ئاز كۈچ ئارقىلىق زور
غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتەك مۆجىزىلىك ئۈلگە
يارىتالىغانلىقىنى ماختىدى.

4 – ئاينىڭ 29 – كۈنى مۇسۇلمان ئاممىسى-
نىڭ كاتتا بايرىمى قۇربان ھېيت ئىدى. ھەرمىللەت
مۇسۇلمان ئاممىسى شاد – خورام ھالدا قۇربانلىق
قىلىشىپ تۈرلۈك تەبرىكلەش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق
بۇ كاتتا ئايەمنى مۇبارەكلىمەكتە ئىدى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 12 دىن 27 مىنۇت ئۆت-
كەندە، «10 – فېۋرال» مەخسۇس دېلو گورۇپپىسى
ئىشخانىسىدا نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان X مۇدىر كۇچا
ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ جىددىي تېلېفونىنى
قوبۇل قىلدى. X مۇدىر ھاسىراپ ھۆممىدىگىنىچە
قوماندانلىق باش شتابىنىڭ ياتاقخانىسىغا يېتىپ
كەلدى. باش قوماندان X مۇدىرنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ
چىرايى جىددىي تۈسكە كىردى، دەرھال كۆتۈرگە-
نىچە قوماندانلىق باش شتابى ئىشخانىسىغا كەل-
دى. ئارقىدىنلا قوماندانلىق شتابىدىكى باشقا رەھ-
بەرلەرمۇ يېتىپ كېلىشتى، ئىشخانا جىددىي كەي-
پىياتقا تولدى.

– ھازىر بىز يەنە بىر يېڭى جەڭ ۋەزىپىسىنى
تاپشۇرۇۋالدۇق! –باش قوماندان سۆزلىگەچ قولىنى
ۋەزىپە خاتىرىلەنگەن دەپتەرگە قويدى، ئۇ خاتىرە دەپ-
تىرىنى قولىغا ئېلىپ:

– ھازىر يېڭىدىن مەخسۇس دېلو گورۇپپىسى
قۇرۇش قارار قىلىندى، باشقارما باشلىقى B بىلەن Z
خىزمەت گورۇپپىسىنى باشلاپ دەرھال نەق مەيدانغا
يېتىپ بارسۇن، مەن X مۇدىر بىللە باش شتابتا
قېلىپ باشقا شەھەر ، ناھىيىدىكى ساقچى كۈچىنى
كۇچا ناھىيىسىدىكى خىزمەتلەرگە ماسلىشىشنى
ئورۇنلاشتۇرۇپ مۇداپىئە خىزمىتىگە نازارەتچىلىك
قىلىمىز! – دېدى جىددىي تەلەپپۇزدا.

(داۋامى بار)

تۇرغۇن ئابدۇلئەزىز(ت)



# زوراۋانلىققا قارشى شەمشەر



گاۋ ياۋشىڭ

ئىلاۋە: ج خ مىنىستىرلىقىنىڭ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇ-
شىغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىكى زوراۋان تېررورچى
ئۇنسۇر تۇرغۇن بىر قاتار ۋەھشىيانە تېررورلۇق ۋەقەلە-
رىنى پەيدا قىلغان، تۇرغۇنىنىڭ قەبىھلىكى چې-
كىدىن ئاشقاچقا ئېتىپ تاشلانغان، ئۇنىڭ شې-
رىكلىرى بۇ تېررورلۇق تەشكىلاتىنىڭ تاپانچە-
لىرىنىڭ گەنسۇدىن كەلگەنلىكىنى ئىقرار قىل-
غان. ج خ مىنىستىرلىقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىن
پۈتۈن كۈچ بىلەن شىنجاڭنىڭ زوراۋان تېررور-
چىلارغا زەربە بېرىش ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ، قو-
رال - ياراغ ياساش ئۇۋىسىنى ئۇزۇل - كې-
سىل بىتچىت قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

## ج خ مىنىستىرلىقىنىڭ جىددىي تېلې-فون بۇيرۇقى

1999 - يىل 4 - ئاپرېل، يېرىم كېچە، تېلې-
فونىڭ جىددىي جىرىڭلىشى گەنسۇ ئۆلكىلىك ج
خ نازارىتىنىڭ تاتلىق ئۇيقۇدىكى مۇئاۋىن نازىرى ياڭ
فۇنى ئويغۇتىۋەتتى، تېلېفون ج خ مىنىستىرلىقى
ئىچكى ئامانلىقنى قوغداش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى
لى جاۋدىن كەلگەنىدى: «شىنجاڭ ۋىلايىتىنىڭ ج خ
ئورگىنى بىر توپ زوراۋان تېررورچىلارنى قورشاپ
يوقىتىش كۈرىشى داۋامىدا، بۇ تەشكىلات ئىگە بول-
غان 11 تاپانچىنى مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ گەنسۇدىن
سېتىۋالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان، يېقىندىن بۇيان
شىنجاڭ، شىزاڭلاردىكى پاش قىلىنغان باشقا تېر-
رورلۇق دېلولىرىدىن قارىغاندىمۇ ئەنە شۇنداق ئەھ-
ۋالنىڭ بارلىقى مەلۇم. گەنسۇ رايونىدا قورال -ياراغ
ياساش - سېتىشتەك جىنايى ھەرىكەت ناھايىتى ئە-
دەپ كەتكەن. بۇ غەربىي شىمالدىكى چېگرا رايون-
لارنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئىچكى جايلار-
نىڭ ئىجتىمائىي ئامانلىقىنى قوغداشقا نىسبەتەن
ناھايىتى زور خەۋپ پەيدا قىلدى. گەنسۇنىڭ تېزدىن
ھەرىكەتكە كېلىپ، شىنجاڭنىڭ تېررورچىلارغا
قارشى كۈرىشىگە ماسلىشىپ، بارلىق ئامال بىلەن
يەر ئاستى قورال سودىسى يولىنى ئۈزۈپ تاشلى-
شىڭلارنى تەلەپ قىلىمىز.»
ئىشنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايتتى، مۇئاۋىن
نازىر ياڭ فۇنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى. ئۇ بۇ
ئىشنى دەرھاللا تېلېفون ئارقىلىق نازىر
ۋېي جىنجۇڭغا دوكلات قىلدى.



شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ ج خ نازارىتىمۇ تېخىمۇ تەپسىلىي ئەھۋالنى كېچىلەپ مەخپىي تېلېگراممىا ئارقىلىق يوللاپ بەردى.

نازىر ۋېي جېنجۇڭ پۈتۈن مەملىكەتنى بىر تاختا شاھمات دەپ بىلىدىغان ئىدىيىنى تۇرغۇزۇپ، ھەر قانچە قىيىنچىلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شۇنداقلا ھەر قانداق بەدەل بېرىشتىن يانماي دېلونى پاش قىلىش كېرەك، دەپ يوليورۇق بەردى.

تاڭ يورۇشى بىلەن ئىچكى ئامانلىقنى قوغداش باشقارمىسى رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ ئىككى باشلىقى جاڭ بىنشياڭ ۋە جاڭ شېڭشۇننى لىنتاۋ ناھىيىسىگە رازۋېدكا قىلىشقا ئەۋەتتى.

شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋال توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسلانغاندا، تېررورچى تۇرغۇن 11 تاپانچىنى قول ئاستىدىكى شېرىكى ئەمەتنى بىر ۋاستىچى ئارقىلىق لىنتاۋ ناھىيىسى بېيەنجياۋەن يېزىسىنىڭ بېيەنجياسۇن كەنتىگە ئەۋەتىپ سېتىۋالغان. ئەمەت ئەمدىلا 25 ياشقا كىرگەن بولۇپ، تېررورلۇق تەشكىلاتىنىڭ جاھىل تاپانچىسى، ئۇ پۈتۈن مەملىكەتتە زىلزىلە پەيدا قىلغان ئۈرۈمچىدىكى ئاپتوبۇس پارتلىتىش ۋەقەسىگە قاتناشقان، ئۆز قولى بىلەن 1997 -يىلى قەشقەردىكى «25 - ئىيۇن» زور قاتىللىق ۋەقەسىنى پەيدا قىلغان، ئەمما ساقچىلارنىڭ قورشاۋىدىن قېچىپ كەتكەن، شىنجاڭ قولىغا چۈشۈرگەن قورال -ياراغ ۋاستىچىسى بەي فېڭكۇيىنىڭ تاپشۇرۇشىچە، ئۇ 1997 -يىل 7 -ئايدا گەنسۇنىڭ لىنتاۋ ناھىيىسى بېيەنجياۋەن يېزىسى ئەتراپىدىن ئەمەتكە 11 تاپانچا ئېلىپ بەرگەن، تاپانچا ساتقۇچىلارنىڭ بىرى 20 ياشلاردا بولۇپ ما ئېرشا، ياكى مائېرلىي دەپ ئاتىلىدىكەن.

## ما ئېرشانى ئىزدەش

لىنتاۋ ناھىيىسىنىڭ بېيەنجياۋەن يېزىسى گۇاڭخې ناھىيىسىنىڭ پەيزىپىڭ يېزىسى بىلەن قوشنا، گۇاڭخې ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ كادىر - ساقچىلىرى پەيزىپىڭ يېزىسىنىڭ پەيزىپىڭ، ماجياۋەن، خۇاڭجياپىڭ كەنتلىرىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بىر ھەپتىدىن كېيىن ياش جەھەتتىكى شەرتكە ئۇيغۇن بولغان، ما ئېرشا، ما ئېرلى دەپ ئاتىلىدىغان 22 ئادەمنى رەتكە تىزىپ، مەخپىي ھالدا سۈرەتلىرىنى تەييارلىدى.



ئۆلكىلىك ج خ نازارىتى كەسكىن تۇردە، رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ ئىككى باشلىقىنى شىنجاڭغا سۈرەتنى تونۇش خىزمىتىنى ئىشلەشكە ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. بۇنىڭ بىلەن كونكرېت يېپ ئۇچىغا ئېرىشكىلى بولاتتى.

1 -ماي كۈنى، جاڭ بىنشياڭ، جاڭ شېڭشۇنلەر ئۈرۈمچىگە قاراپ ئۇچتى. ئۇلار ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا شىنجاڭ ج خ نازارىتىدىكىلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇردىلە، ئەتىسىلا چېگرا شەھەر قەشقەرگە قاراپ ئۇچتى.

بەي فېڭكۇينى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سوراق قىلىش ئارقىلىق ئايان بولدىكى، بەي فېڭكۇي 1997 -يىلى گەنسۇغا بارغاندا بېيەنجياۋەن يېزىسىنى ئايلىنىپ چىقىپلا قالماستىن، يەنە گۇاڭخې ناھىيىسىنىڭ سەنجياجى، دۇڭشياڭ ناھىيىسىنىڭ گويۈەن قاتارلىق يېزىلىرىغىمۇ بارغان، ئۇنىڭغا ما ئېرشا يولباشلىغۇچى بولغان، ئەڭ ئاخىرىدا قورالنى ما ئېرشانىڭ ئۆيى ۋە گۇاڭخې ناھىيىسىنىڭ سەنجياجى يېزىسىدىكى مارۇيىنىڭ ئۆيىدىن ئالغان.

بۇ ئەھۋاللار ئىككى نەپەر رازۋېدكا بۆلۈم باشلىقىنى خۇشال قىلدى. ئەمما، بەي فېڭكۇيگە سۈرەتلەر كۆرسىتىلگەندە، ئۇ ھەممىسىنىڭ ئۆزى تونۇشقان ما ئېرشا ئەمەسلىكىنى ئېيتتى. گەنسۇ، شىنجاڭلىق يولداشلار بەي فېڭكۇينى گەنسۇغا ئېلىپ بېرىپ، بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى قورال ساتقۇچىنى تېپىشتەك دادىل تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

تېلېفون بېرىپ يوليورۇق سورىغاندا، گەنسۇ ئۆلكىلىك ج خ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ياڭفۇ ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوللىدى، بەي فېڭكۇينى گەنسۇغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا قوشۇلدى.

ئىككى نەپەر رازۋېدكا بۆلۈم باشلىقى بەي فېڭكۇينى ئېلىپ، لىنتاۋ ناھىيىسىدىن تاۋخې دەرياسى ئارقىلىق بېيەنجياۋەن يېزىسىغا، ئاندىن گۇاڭخې ناھىيىسىنىڭ پەيزىپىڭ يېزىسىغا باردى. ئاخىر پەيزىپىڭ يېزىسىنىڭ خۇاڭجياپىڭ كەنتىدىن ما ئېرشانىڭ ئۆيىنى تاپتى.

كادىر - ساقچىلار ئەتىسى يەنە بەي فېڭكۇينى ئېلىپ پەيزىپىڭدىن گۇاڭخې ناھىيىسىنىڭ سەنجياجى يېزىسىغا، دۇڭشياڭ ناھىيىسىنىڭ گويۈەن يېزىسىغا باردى. ئۇلار چىڭخې كەنتىگە بارغاندا، بەي فېڭكۇي بىر جىرادىكى چىغىر يولنىڭ بۇرۇن ئۆزى ماڭغان يول ئىكەنلىكىنى تونۇدى، بۇ رەسمىي قورال سېتىلغان جاي ئىدى. ئەينى چاغدا ئۇنى سەنجيا جىلىق بىر ئادەم تاكسىغا ئولتۇرغۇزۇپ مۇشۇ يەرگە قورالنى ئېلىشقا ئەپكەلگەندى. ما فامىلىلىك بىر ئوتتۇرا ياش ئايال يۆگەككە ئورالغان 20 تاپانچىنى مايىڭفۇ دېگەننىڭ ئۆيىگە ئاپى-

رىپ، قورالنى شۇيەردە تاپشۇرغانىدى.

ئۈچىنچى كۈنى، ئۇلار بەي فېڭكۈينى ئېلىپ پەيزىپىڭدىن يولغا چىقىپ، ئەينى چاغدا ئۇنى گويۇەن يېزىسىنىڭ چىڭخې كەنتىگە قورال ئېلىشقا ئېلىپ بارغان ۋاستىچىنى تېپىش ئۈچۈن سەنجياجىغا باردى.

سەنجياجى يېزىغا ئوخشىمايتتى، ئادەم زىچ، دۇكانلار كۆپ ئىدى. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا بىرلا قېتىم بارغان ئاددىي بىر ئۆينى تېپىش ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى. كادىر ـ ساقچىلار گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، پەيزىپىڭ يېزىسىنىڭ خۇاڭجياپىڭ، ماجياپىڭ، گەنپىڭ ھەمدە گويۇەن يېزىسىنىڭ چىڭخې، خوڭجۇاڭ قاتارلىق كەنتلىرىدىكىلەرنىڭ 100 تۈپلەمچە نوپۇس كارتىسىنى بەي فېڭكۈيگە كۆرسەتتى. ئۇ مۇشۇلار ئىچىدىن ھېلىقى ۋاستىچىنى تونۇشى كېرەك ئىدى.

بەي فېڭكۈي ئاخىر نەچچە مىڭ كارتا ئىچىدىن پەيزىپىڭ يېزىسىنىڭ خۇاڭجياپىڭ كەنتىدىكى دېڭيى جىلىسىنى تونۇپ چىقتى، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمى دېڭ شياۋگو بولۇپ، ما ئېرشانىڭ ئىنىسى ئىدى. 1997 ـ يىل قورال سودىسى قىلغاندا، بەي فېڭكۈي ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇرغانىدى، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى دېڭ خاسەن ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1997 ـ يىل قورال تاپشۇرغان گويۇەن يېزىسىلىق مايىڭفۇمۇ تېپىلدى.

## ئىككى يالغان خوجايىننىڭ نىقاب بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشى

ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاياغلاشتى، 1999 ـ يىل 20 ـ ماي، ئۆلكىلىك ج خ نازارىتى لىنشيا ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسىنىڭ «20 ـ ماي» مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى قۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى تەستىقلىدى، ئۇلار 9 نەپەر سەرخىل رازۋېدكىچىنى تاللاپ مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى قۇردى.

بەي فېڭكۈينىڭ مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرنى تونۇشنى پەقەتلا رازۋېدكا خىزمىتىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. دېلونى چىرايلىق پاش قىلىش ئۈچۈن ئادەم ۋە نەق ئىسپاتنى قولغا چۈشۈرۈش كېرەك ئىدى. ئۆلكە، ئوبلاستلىق ج خ ئورگانلىرىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىشى بىلەن ئۇلار مۇنداق قارارغا كەلدى: 1997 ـ يىلى بەي فېڭكۈي قورال سېتىۋالغاندا پەقەت بىر پىچكا رولىنى ئوينىغان، شۇڭا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىككى رازۋېدكىچىنى تاللاپ يالغان خوجايىن قىلىش كېرەك. ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسىدىكى يولداشلار شۇ ئوبلاستنىڭ مەلۇم ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىدىكى بىر يولداشنى تونۇشتۇردى، ئۇ يولداشنىڭ ئىسمى لامىنتيەن بولۇپ، چىرايى ئۇيغۇرلارغا بەك ئوخشايتتى، ساقال ـ بۇرۇتلۇق، بۇدرە چاچلىق بولۇپ، 40 ياشلاردا ئىدى. ئۇ پىشقان، تەمكىن، ئىشەنچلىك رازۋېدكىچى ئىدى.

28 ـ ماي كۈنى «لاخوجايىن» ۋە بەي فېڭكۈي ھەمدە بەي فېڭكۈينىڭ ھەرىكىتىگە بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىدىغان مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكى مۇئاۋىن رازۋېدكا بۆلۈم باشلىقى ياڭ فېڭلار لىنتاۋ ناھىيىسىدىكى ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى مېھمانخانىسىغا كىرىپ، 502 ـ ياتاققا ئورۇنلاشتى، ئارقىدىنلا بەي فېڭكۈينى پەيزىپىڭ يېزىسىنىڭ خۇاڭجياپىڭ كەنتىدىكى ما ئېرشا ئائىلىسىگە ئەۋەتتى.

ما ئېرشانىڭ دادىسى دېڭ خاسەن چوڭ ئوغلى ما ئېرشانىڭ خېنشىغا تېرە سودىسى قىلغىلى كەتكەنلىكىنى ئېيتتى، ئۇنىڭ يوقلۇقىمۇ بىر تەرەپتىن ياخشى بولدى، بەي فېڭكۈي ئۆزىنىڭ ما ئېرشانىڭ شىنجاڭدىكى چاغلاردىكى ئالاھىدە مۇناسىۋىتىنى سۆزلەپلا كەتتى، دېڭ خاسەن ئوغلۇمنىڭ سودىسى كەپتۇ، قىزغىن كۈتىۋالمىسام بولماس دەپ ئويلاپ، بىر توخۇنى سويدى، بەي فېڭكۈينى كۈتىۋېلىشقا دېڭ خاسەننىڭ ئوتتۇرانچى، كەنجى ئوغۇللىرى ھەمراھ بولدى، بەي فېڭكۈي تاماق يەۋاتقاندا، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ 1997 ـ يىل بۇ يەرگە كېلىپ ما ئېرشانىڭ ياردىمىدە ھېلىقى سودىنى ئوبدان قىلىۋالغانلىقى، خوجايىننىڭ مەردلىك بىلەن ئۆزىگە ئوبدانلا تاپان ھەققى بەرگەنلىكىنى ئېيتتى، شۇنداقلا خوجايىننىڭ ئۆزىنى ئىشنى تەمكىنلىك بىلەن ئوبدان قىلىدىكەنسەن، دەپ بۇ نۆۋەت يەنە بۇ يەرگە ئەۋەتكەنلىكىنى، شۇڭا يەنە بىر نەچچە قورال تېپىش ئۈمىدىدە ئىكەنلىكىنى، خوجايىننىڭ ئارقىدىنلا شىنجاڭدىن ئايروپىلاندا كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شۇ چاغدا، چوڭ خوجايىننى ئىزدەش خىزمىتى جىددىي ئىشلىنىۋاتاتتى. لايىق ئادەم لىنشيادىكى ج خ سىستېمىسىدا بولمىغانىكەن، پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ئىزدەش كېرەك ئىدى. جەزمەن ھەقىقىي ئۇيغۇر «چوڭ خوجايىن» تەييارلاش كېرەك ئىدى. بۇ ئادەم ئۇيغۇرچە بىلىشى، ئۇيغۇرغا تولۇق ئوخشىشى، زېرەك، سالماق، باتۇر، نىقابلىنىشقا ماھىر، رازۋېدكا تەجرىبىسىگە ئىگە بولۇشى كېرەك ئىدى. پۈتۈن ئۆلكىدىكى ج خ ئورگانلىرىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق لەنجۇ تۆمۈريول ج خ ئىدارىسىدا دەل شۇ شەرتلەرگە توشىدىغان قۇربان ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر رازۋېدكىچىنىڭ بارلىقى بىلىندى.



مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەر ناھايىتى خۇشال بولدى، دەرھاللا ئۇنى يېتىلەپ كەلدى. مۇئاۋىن نازىر ياڭ فۇ ئۇنى كۆرۈپلا تولۇق ياقتۇرۇپ قالدى.

قۇربان شىنجاڭلىق بولۇپ، ھەقىقىي ئۇيغۇر ئىدى. ئۇ قەشقەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، مەيلى تىل يېزىق، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى، قەشقەرنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى بولسۇن ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى. پويىز ساقچىسى، جىنايى ئىشلار ساقچىسى بولغان، مول رازۋېدكا تەجرىبىسىگە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ھالقىلىق پەيتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىن كەلگەن «چوڭ خوجايىن» ئىكەنلىكىنى، ئورنىنىڭ 2 خوجايىنىدىن يۇقىرى بولۇپ، 2 خوجايىن ۋە بەي فېڭكۈيگە قوماندانلىق قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش، قارار قىلىش، پۇل چىقىرىش ئىدى.

باش قوماندان ياڭ فۇ:

— خوجايىنىنىڭ رولىنى راسا ئوخشىتىپ ئوينىشىڭىز كېرەك، قانچە ئوخشاتسىڭىز شۇنچە ياخشى، ئۆلكىلىك پارتكوم، ج خ مىنىستىرلىقى، قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ھەممىسى بۇ دېلوغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ، — دېدى.

قۇربان تەمكىنلىك ھالدا:

ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىمەن، — دېدى.

بارلىق تەييارلىق پۈتتى. بەي فېڭكۈينىڭ تېپىشمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەرىكەتلىنىشكە بۇيرۇق قىلدى. 1997 - يىلدىكى سودا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاچقا، دېڭ خاسەننىڭ ئاغزىغا كىرىۋاتقان لوق گۆشتىن ۋاز كەچكۈسى يوق ئىدى. بەي فېڭكۈي ئىككىنچى قېتىم ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، خوجايىن كەلدى، ئەمدى سودىنى پۈتتۈرسەك بولىدۇ دېگەندە، دېڭ خاسەن دەرھاللا ماقۇل بولۇپ:

— بۇ ئوڭاي ئىش، بىر تاپانچا مىڭ يۈەن، مەن تاپالايمەن، قانچىلىك لازىم؟ — دېدى.

ئەتىسى ئەتىگەن سائەت 9 دىلا، دېڭ خاسەن ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى مېھمانخانىسىنىڭ 502 - نومۇرلۇق ياتىقىنى چەكتى. ئۇ ئون تاپانچا ئېلىپ كەلگەنىدى. «خوجايىن» بەشىنى ئالدى.

## يېڭى ئۇزۇن قويۇۋېتىپ چوڭ بېلىق تۇتۇش

2 - ئىيۇن، ئۆلكىلىك ج خ نازارىتى رەھبەرلىكى تەمكىن سالماق بولۇپ، يېڭى ئۇزۇن قويۇۋېتىپ چوڭ بېلىق تۇتۇش، مۇشۇ يىپ ئۇچىدىن داۋاملىق پايدىلىنىپ سەنجىياجى، گۇاڭخې، دۇڭشياڭ ناھىيىلىرىنىڭ گويۈەن يېزىسى قاتارلىق جايلارغا چوڭقۇرلاپ كىرىشنى قارار قىلدى.

تۆرلۈك ئالامەتلەرگە ئاساسلانغاندا، يۇ-



قىرىقى جايلاردا ھەقىقەتەن تولىمۇ ئەدەپ كەتكەن قورال ياراغ ياساش سېتىش گورۇھى بار ئىدى. گەپنى يىراقتىن قىلماي، پەقەت 1995 - يىل 10 - ئاينىلا مىسالغا ئالغاندا، لىنشيا ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسى گۇاڭخې ناھىيىسىنىڭ سەنجىياجى يېزىسىدىكى بىر قورال - ياراغ ياساش گورۇھىنى پاش قىلىپ 42 تال كىچىك كالىبىرلىق مىلتىق، تاپانچىنىڭ 100 كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى زاپچاسلىرىنى، قورال - ياسىغۇچى تۆت جىنايەتچىنى قولغا چۈشۈرگەنىدى. 1996 - يىل گۇاڭخې ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى چىجياجى يېزىسىدا بىر قورال ياراغ ياساش دېلوسىنى پاش قىلىپ، 30 دانە 64 تىپلىق تاپانچىنى قولغا چۈشۈرگەنىدى. 1998 - يىل 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ۋۇدۇ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى جىنايەتچىلەرنىڭ 64 تىپلىق تاپانچا بىلەن لى پېيلىن ئائىلىسىگە باستۇرۇپ كىرىپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ بۇلاڭچىلىق قىلىش دېلوسىنى پاش قىلغان. جىنايەتچىلەر بۇ تاپانچىلارنى گۇاڭخېدىن سېتىۋالغان. 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، لەنجۇ شەھەرلىك ئەننىڭ شۆبە ج خ ئىدارىسى بىر قېتىملىق بۇلاڭچىلىق دېلوسىنى پاش قىلغان، تۆت تاپانچىنى قولغا چۈشۈرگەن. جىنايەتچىنىڭ تاپشۇرۇشىچە، ئۇلارمۇ تاپانچىنى گۇاڭخېدىن سېتىۋالغان. بىر قىسىم گورۇھلار يوقىتىلغان، بىر قىسىم جىنايەتچىلەر قولغا چۈشۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئوت بىلەن ئوينىشىۋاتقانلار يەنىلا بار ئىدى. ئۇلار زەھەر سودىسى، ئەتكەسچىلىك، قورال - ياراغ ياساش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ناھايىتى ئەسەبىيلىشىپ كەتكەنىدى.

## دۇڭشياڭ ناھىيىسىدىن ما يۇڭفۇنى تۇتۇش

6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، بەي فېڭكۈي نەق مەيداندا ئورۇنلاشتۇرۇش گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى ياۋ فېڭنىڭ مەخپىي نازارىتى ئاستىدا دۇڭشياڭ يېزىسىنىڭ گويۈەن كەنتىدىكى ما يىڭفۇنى ئىزدەپ ماڭدى. گويۈەن كەنتى 2 - مەھەللىگە بارغاندا، بەي فېڭكۈي 6 - 7 ياشلاردىكى بىر بالىغا ئىككى يۈەن بېرىپ، ئۆزىنى ما يىڭفۇنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بېرىشنى ئېيتتى. ئۇلار ما يىڭفۇنىڭ ئۆيىگە باردى، ئەمما ئۆي ئىگىسى بەي فېڭكۈي ئىزدىگەن ما يىڭفۇ بولماستىن، ما يۇڭفۇ بولۇپ چىقتى.

بەي فېڭكۈي ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتتى.

— ما يىڭفۇنى ئىزدەپ بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ دەپ سورىدى ما يۇڭفۇ.

— ئىشىمغۇ يوق، بىز قەدىناس ئاغىنە، كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن ۋاقىت بولدى، كۆرۈشۈپ ئۆتەي

دېيىشىم، -دېدى بەي فېڭكوي. ما يۇگفۇ كۆپنى كۆرگەن ئادەم سىياقىدا كۈلدى ۋە:

- بىرەر ئىشىڭىز بولمىسا، شۇنچە يىراقتىكى شىنجاڭدىن ھەر قانچە ياخشى دوست بولسىمۇ يوقلاپ كەلمەستىڭىز، -دېدى.

- ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭىز، - دېدى بەي فېڭكوي، بۇ دۆرەم كېلىشىمدە بىر نەچچە تال ئالاي دېيىشىم، - ئۇ قول بارماقلىرىنى تاپانچا شەكلىدە كۆرسەتتى.

ما يۇگفۇ مۇغەمبەرلەرچە كۈلۈپ:

- بۇرۇنلا پەرەز قىلغانىدىم، سىز مېنى ئالدىيالمايسىز، راست گەپنى قىلسام، بىزنىڭ بۇ يەر چەت خىلۋەت، چۆل باياۋان؛ ئۇنەر بولمۇ، مەنزىرىلىك جايمۇ ئەمەس، ئىشى يوق ئادەم بۇ يەرگە ئويۇنغىلى كېلەتتىمۇ؟ بىراق، سىز ئىزدىگەن ما يىڭفۇ دېگەن ئادەم يوق، سىز ئىزدىگەن نەرسىنى مەنمۇ تاپالايمەن، بىرسى مىڭ يۈەن، سىزگە قانچىسى كېرەك؟ -دېدى.

ئەلۋەتتە، بەي فېڭكوينىمۇ ئوڭايلىقچە ئىشىنىپ كېتىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى.

- مېنىڭ كېلىشىم ئەھۋال ئۇقۇشۇش، كونكرېت ئىشنى خوجايىندىن سورىشىم كېرەك، -دېدى ئۇ ۋە قايتقاندىن كېيىن ئەھۋالنى ياۋ فېڭغا دوكلات قىلدى.

شۇ كۈنى كېچىسى ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسى بىرىنچى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى ۋەنخۇڭ، ياۋ فېڭلار ماشىنا بىلەن دۇڭشياڭ ناھىيىسى گويۈەن يېزىلىق ساقچىخانىغا باردى. ساقچىخانىدىكىلەر ما يىڭفۇ دېگەن ئادەمنىڭ بارلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىك نومۇرىنى ئېيتىپ بەردى. ئەتىسى ئەتىگەندە، ئۇلار يەنە بەي فېڭكوينى ما يىڭفۇنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتتى. ئۆيدە ما يىڭفۇ يوق ئىدى. ما يىڭفۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا بەي فېڭكوي ئۆزىنى تونۇشتۇردى. ئۇلار ئانچە ئىشىنىپ كەتمىدى، پەقەتلا ما يىڭفۇ چىڭخەيگە سودا قىلغىلى كەتتى، دېدى.

بەي فېڭكوي ما يىڭفۇ ئائىلىسىدىن چىققاندا ما يۇگفۇ بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. مايۇگفۇ ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى ھەم بىر تاپانچىنى چىقىرىپ بەي فېڭكويغا كۆرسەتتى.

بۇ تاپانچا راست تاپانچىدەك سىپتا ئىشلەنگەنىدى، پەقەت تەپكە دېگەندەك ئورنىتىلمىغانىدى.

-سۈپىتىدە چاتاق يوق، ئادەمنى ئۆلتۈرەلەيدۇ، تۈنۈگۈن سىز كەتكەندىن كېيىن بىرسىنىڭكىگە باردىم، ئۇ مۇنداق ئىشنى قىلمايمەن دېدى. يەنە بىرسىنىڭكىگە بارسام ئىشلەپ بېرەي، ئۇنى ئىشلەي، دېدى. بىزنىڭ بۇ يەردە قورال ياسايدىغانلاردىن 3 ئائىلە بار، بەزىلىرى ئوبدان، بەزىلىرى ناچارراق ياسايدۇ، - دېدى ما يۇگفۇ. بەي فېڭكوي قورۇدا ئاشۇ تاپانچا بىلەن 2 پاي ئوق ئېتىپ سىناپ كۆرۈپ:

-بۇ تاپانچا مەشەكنى تېز چىقىرالمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە 10 تاپانچا بەك ئاز بولۇپ قالىدۇ، خوجايىنىم بۇ دۆرەم كۆپرەك ئالماقچى، -دېدى.

ما يۇگفۇنىڭ بۇ بايلىق ئىلاھىنى قويۇۋەتكىسى كەلمىدى ۋە:

-كۆپ لازىم بولسا تېخىمۇ ياخشى، مەن سىزگە تېپىپ بېرىمەن، -دېدى.

## جىنايەتچىلەرنىڭ ئەجەللىك يېرىگە كىرىش

6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئەتىگەن، بەي فېڭكوي ياۋ فېڭنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە سەنجياجىغا ما رۇيىنى ئىزدەپ باردى. ما رۇيى بەي فېڭكوينى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. ئۇ پەقەت ئۆيدە قوراللارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپلا، شۇنچە ئوڭاي 2 مىڭ يۈەنگە ئېرىشكەنىدى. ئۇ بۇ نۆۋەت بەي فېڭكوينى كۆرۈپ، سودىنىڭ ئۆزى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، خۇددى قەدىناسلاردەك ئالاھىدە قىزغىن كۈتۈۋالدى. بەي فېڭكويمۇ گەپ ئەگىتىپ يۈرمەي ئۇدۇللا قىلىپ، نەچچە ئون تاپانچا لازىملىقىنى ئېيتتى. ما رۇيى دەرھال ماقۇل بولدى. ئۇ بەي فېڭكويغا سىز چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن بىرسىنى تېپىپ كېلەي، دېگىنىدە، چىقىپ كەتتى. 20 مىنۇت بولا بولمايلا 30 ياشلاردىكى بىر ئادەمنى باشلاپ كەلگىنىدە، بەي فېڭكويگە گەپمۇ قىلماي ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن سىرتقا چىقىپ كېتىپ 3 تاپانچا ئېلىپ كىردى. ئۈچ تاپانچىنىڭ بىرى 64 تىپلىق، بىرى 54 تىپلىق، يەنە بىرى ئالتە ئاتار ئىدى. ما رۇيى ئۆز ئۆيىدە ھەر بىر تاپانچىدا 2 پايدىن ئوق ئېتىپ كۆرسەتتى. ئۇلار باھا تالاشتى، ما رۇيى زادىلا يول قويمىدى، ئاخىر ھەر بىر تاپانچىنى مىڭ يۈەندىن ئېلىشقا كېلىشتى. بەي فېڭكوي:

-بولدى، بۇ ئۈچ تاپانچىنى مەن ئالدىم، بىراق، بۇ بەك ئاز بولۇپ قالدى، خوجايىنىڭ شىنجاڭدا قىلىۋاتقان ئى-



شى بەك چوڭ، خوجايىن 50 تاپانچا ئالماقچى، سىز ئامال بار يولىنى قىلىڭ، ــ دېدى. مارۋىيى خۇشال هالدا:

ــ قانچىلىك ئالىمەن دېسىڭىز شۇنچىلىك بار، پوستەكچى دېگەن خامپىنى يەپ كېتىشىڭىزدىن قورقامتى؟! بىراق، هازىرلا تەق قىلغىلى بولمايدۇ، مەلۇم ۋاقىت كېرەك، ــ دېدى.

ــ قانچىلىك ۋاقىت؟

ــ كەم دېگەندىمۇ ئۈچ كۈن كېرەك.

ئۇلار ئاخىرى 7 ــ ئاينىڭ 2 ــ كۈنى كەچ سائەت 23 تە ما رۇيىينىڭ ئۆيىدە ئالدىن مال پۇلىنىڭ يېرىمىنى تاپشۇرۇش، ما رۇيىينىڭ خوجايىنى ماشىنا ياللاپ 50 تاپانچىنى ئامان ئېسەن كاڭجيائەنگە ئاپىرىپ بەي فېڭكۈينىڭ خوجايىنىغا تاپشۇرۇش، قالغان پۇلنى خوجايىن بېرىشكە كېلىشتى.

بەي فېڭكۈي چۈش سائەت 2 دە لىنتاۋدىكى ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى مېهمانخانىسىغا قايتىپ ئەهۋالنى ياۋ فېڭغا دوكلات قىلدى.

## خەتەر كۆرۈلدى

چىداش قىيىن بولغان ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتتى.

7 ــ ئاينىڭ 1 ــ كۈنى چۈشتىن ئاۋۋال بەي فېڭكۈي پەيزىپىڭدىكى دېڭ خاسەننى ئىزدەپ كەتتى.

دېڭ خاسەننىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى بەي فېڭكۈينى كۆرۈپ، هوشيارلىق بىلەن:

ــ سىز 5 ــ ئايدا بۇ يەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن شىنجاڭغا قايتمىدىڭىزمۇ؟ ــدېدى.

بەي فېڭكۈينىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ كەتتى. بۇ ئەبلەخ قانداق بىلىۋالغاندۇ، دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ۋە شامالنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ ئىش كۆرۈپ:

ــ قايتمىدىم، مالنى خوجايىنغا تاپشۇرغاندىن كېيىن چىڭخەيگە بېرىپ ئاتا ــ ئانامنى يوقلىدىم، ئاز ــ تولا باشقا سودىمۇ قىلدىم، ــ دېدى. ئوتتۇرانچى ئوغۇل كۆرەڭلىگەندەك:

ــ دېمىسىمۇ، مەن كېيىمىڭىزگە قاراپلا بىلىۋالدىم، سىز يەنىلا ئۆتكەندە كىيگەن كىيىم بىلەن ئىكەنسىز، ــ دېدى. شۇ ئارىدا دېڭ خاسەنمۇ:

ــ ئۆتكەندە كەلگىنىڭىزدە خوجايىن يان ئۆيدە ئىدى. ئەمما سىز ناچار بەش تاپانچىنى ئېلىپ، تازا ياخشى ئىككىسىنى ئالمىدىڭىز، بۇ ئىش ئوڭايلا باشقىلاردا گۇمان قوزغايدۇ، ئۇ يەنە سىزنى دىققەت قىلسۇن دېدى، ــدېدى.

بەي فېڭكۈينىڭ يۈرىكى يەنە بىر رەت جىغىلداپ كەتتى. ئۆزىنىڭ بىخەستەلىكىدىن، مىڭ تەستە قولغا كەلگەن گۇناهىنى يۇيۇپ خىزمەت كۆرسىتىش پۇرسىتىنى نابۇت قىلىۋېتىشكە تاس تاماس قالغانلىقىدىن پۇشايمان قىلدى. ئۇ ئەمدى نېمە دېسەم بولار دەپ ئويلاۋاتاتتى، دېڭ خاسەن:

ــ بۇ قېتىم يەنە تاپانچا ئالامسىز ــ يوق؟ ــ دېدى.

ــمەن خوجايىننى كۈتۈۋاتاتتىم، ئۇ ئۇلۇشكۈن كەلدى، ئاۋۋال يۈننەنگە بارماقچى، مەن ئىككىنىلا ئالسام، بىرنى ئۆزۈم ئىشلەتسەم، بىرنى ئەهۋالغا قاراپ سېتىۋەتسەم بولىدى، ــدېدى بەي فېڭكۈي.

ــ ياخشى گەپ، ئەتە چۈشتىن كېيىن مەن تاپانچىنى مېهمانخانىغا ئاپىرىپ بېرىمەن، ــدېدى دېڭ خاسەن.

بەي فېڭكۈي دېڭ خاسەننىڭ ئۆيىدە تاماق يەپ ئاندىن ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ لىنتاۋغا باردىدە، ئەهۋالنى ياۋ فېڭغا دوكلات قىلدى. ياۋ فېڭ دەرهاللا قوماندانلىق شتابىغا مەلۇم قىلدى.

قوماندانلىق شتاب جىددىيلەشتى، گەرچە هەر بىر هالقا ئۈستىدە ئەتراپلىق ئويلىنىلغان بولسىمۇ، يەنىلا دۈشمەن ئۈچۈن گۇمانلىق يوچۇق قالدۇرۇلغانىدى. بۇ بىر كىچىك ئىش ئىدى، ئەمما ياخشى بىر تەرەپ قىلىنمىسا چاتاق چىقاتتى. جىددىيچىلىكتىن هەممەيلەننى قارا تەر باستى. ياخشى يېرى، دېڭ خاسەن يەنىلا بەي فېڭكۈيگە ئىشەنگەنىدى.

مۇشۇنداق ئەهۋالدا، ئاشۇ ئىككى تاپانچىنى ئېلىش كېرەكمۇ، ئالماسلىق كېرەكمۇ؟ بەزىلەر ئالمايلى، ئۇلارنى چۆچۈتۈپ



قويمايلى، بەي فېڭكۈي بىرەر سەۋەب كۆرسىتىپ ئۆزىنى چەتكە ئالسۇن دېيىشتى.

مۇئاۋىن نازىر ياڭ فۇ كەسكىن قارار چىقاردى: ئېلىش كېرەك، ماقۇل بولغانىكەن تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش بولۇپ قالسا، تېخىمۇ گۇمان قوزغىلىدۇ. ئەتە كەچ سائەت بىر ئالدىن بەلگىلەنگەن ئومۇمىيۈزلۈك تورنى يىغىش، تەكشۈرۈپ قولغا ئېلىش ۋاقتى. ئەتە چۈشتىن كېيىن دېڭ خاسەن كەلسە، ئۇنى قولغا ئېلىش كېرەك، ناۋادا بىرەر ئوغلى بىلەن كېلىپ قالسا، ئاتىسىنى قايتۇرۇۋېتىپ، بالىسىنى كەچتە پاراڭلىشىمىز دەپ تۇتۇپ قېلىش كېرەك.

## رەقىب تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ قالدى

7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، مۇئاۋىن نازىر ياڭ فۇ لىنتاۋ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى چېن ۋېيدۇڭ، سىياسىي كومىسسارى جاۋ گوباۋنى چاقىرتىپ، دەسلەپكى تەكشۈرۈش تەجرىبىسىگە ئىگە كادىر ساقچىدىن 10 نى تەشكىللەپ، كەچ سائەت 5 تىن باشلاپ ئىدارىدە بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇپ، لىنشيا ئوبلاستىدا تۇيۇقسىز سوراق قىلىشقا ماسلىشىشنى تەلەپ قىلدى.

كەچ سائەت 12 دە، بەي فېڭكۈي، قوربان، لا مىنتىيەنلەرنىڭ سودىسى پۈتكەن ھامان ما رۇيىي قولغا ئېلىناتتى. ئارقىدىنلا تاڭ سەھەردە چوڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش تۇتۇش باشلىناتتى، قورال ياراغ ياساش ئۇۋىلىرى بىر يولىلا بىتچىت قىلىناتتى.

قىرىشقاندەك 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئەتىگەنلىك ناشتا ۋاقتىدىن باشلاپ يامغۇر چېلەكلەپ قۇيغاندەك يېغىشقا باشلىدى، يامغۇر تاكى كەچ سائەت يەتتىگىچە ياغدى. ھەممەيلەن مۇنداق يامغۇر يېغىۋاتسا، كېچىدە قانداق ھەرىكەت قىلارمىز دېگەن غەمدە قالدى.

سائەت مىڭ تەستە تۆت بولدى، ئەمما ياۋ فېڭ تەرەپتىن خەۋەر بولمىدى. پەيزىپىڭلىق دېڭ خاسەن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا تاپانچىنى ئېلىپ كەلمىدى.

سائەت بەش، ئالتە، يەتتە، سەككىز بولدى... قاراڭغۇ چۈشتى، ئەمما يەنىلا دېڭ خاسەندىن خەۋەر بولمىدى. ھەممەيلەن تىت-تىت بولدى: بىرەر بىخەستەلىكىمىز تۈپەيلىدىن ئاشكارىلىنىپ قالدۇقمۇ؟

كەچ سائەت 10 بولدى. لىنتاۋ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ كادىر ساقچىلىرى تەق بولدى. گۇاڭخې، دۇڭشياڭ ناھىيىلىك، لىنشيا ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىلىرىدىن قولغا ئېلىشقا قاتنىشىدىغان كادىر ساقچىلارمۇ تەق بولدى. قوراللىق شۆبە ساقچى ئەترەتمۇ تەق بولدى. ئۇلار مۇئاۋىن نازىر ياڭ فۇ بۇيرۇق بەرگەن ھامان يادىن ئېتىلغان ئوقتەك جەڭگاھقا ئاتلىنىشقا تەييار ئىدى.

سائەت 23 تە قوربان، لا مىنتىيەن، بەي فېڭكۈي ھەممە ئۇلارغا بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىدىغان ۋە ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشىدىغان ياۋ فېڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى مېھمانخانىسىدىن قوماندانلىق شتابىغا كېلىپ ۋاقىتنى، پارولنى توغرىلىدى، ھەرىكەت لايىھىسى بىلەن تېخىمۇ پىششىق تونۇشتى. بۇ ئۈچەيلەن بىۋاسىتە ما رۇيىينىڭ ئۆيىگە بېرىپ 50 تاپانچىنى قولغا چۈشۈرمەكچى ئىدى. قىلچە ئاشكارىلىنىش ياكى بىخەستەلىك كۆرۈلسە، ئاقىۋەتنى ئويلاپ يەتمەك قىيىن ئىدى.

قوماندانلىق شتاب: گۇاڭخې ناھىيىسىنىڭ سەنجىياجى يېزىسىدىكى ما رۇيىينى مەخپىي تۇتۇشنى سەھەردە قىلىپ، سۇبھىدەمدە پەيزىپىڭدىكى دېڭ خاسەن ئاتا - بالىنى، دۇڭشياڭ ناھىيىسىنىڭ گويۈەن كەنتىدىكى ما يۇڭفۇلارنى تۇتۇشنى تەڭلا ئېلىپ بېرىش لايىھىسىنى بېكىتتى.

4 - ئاينىڭ باشلىرىدا ج خ مىنىستىرلىقى ۋە شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن ھازىرغىچە بولغان ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان كۆپلىگەن تەكشۈرۈش، رازۋېدكا قىلىش خىزمىتى ئىشلەندى. نەتىجىنىڭ قانداق بولۇشى مۇشۇ قېتىملىق ھەرىكەتكە باغلىق ئىدى.

سائەت نۆل، قىلچە شەپە بولمىدى.

سائەت 0 دىن 30 مىنۇت ئۆتتى، يەنە شەپە بولمىدى.

سائەت 1 دە، گاۋ يۇڭخۇڭ، ياۋ فېڭلارنىڭ سىمسىز تېلېفون ئارقىلىق سۆزلىشىشلىرىدىن ما رۇيىينىڭ قارىماققا ئېلىنمىغانلىقى ئايان بولدى.

مۇئاۋىن نازىر ياڭ فۇ گەپ - سۆز قىلماي يەگادا ئۇياق بۇياققا ماڭاتتى. باشقىلار تېخىمۇ جىم ئىدى، ھەممىسى غەلىبە قازىنالماسلىقنىڭ سەۋەبى





جىنايەتچىگە شەپقەت قىلىش، ھالال ئادەملەرگە زەخىم يەتكۈزىدۇ.

ئۈستىدە ئويلىناتتى.

سائەت 1 يېرىمدا، ھەر قايسى سەپتىكىلەر قايتىپ كەلدى.

يىغىن ئېچىلدى. كۆپچىلىك روھسىزلانغان، ھەممەيلەن جىم ئىدى.

ئەھۋالنى مەلۇم قىلىش باشلاندى. سىرتقى يوشۇرۇن رازۋېدكا قىلىش ساقچىسى سائەت 12 دە بىرمىلەن موتسىكلىت بىلەن «كانمىننىس»نىڭ ئالدىنى بىر ئايلىنىپ كېتىپ قالدى، بەلكىم مۇشۇ موتسىكلىت قارشى تەرەپنىڭ گۇمانىنى قوزغىغان بولۇشى مۇمكىن، دېدى.

ياۋ فېڭ قوربان قاتارلىقلارنىڭ ئۇچرىشىش ئەھۋالىنى مەلۇم قىلدى.

مۇئاۋىن نازىر ياڭ فۇ دوكلاتنىڭ تازا كونكرېت بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قوربان قاتارلىقلارنى دەرھال بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى، يۈرۈش لىنىيىسىگە دىققەت قىلىڭلار، قارشى تەرەپنىڭ سېزىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىڭلار، دېدى.

بەي فېڭكۈي كىرىپ كېلىشىگىلا مۇئاۋىن نازىر ياڭ فۇ:

—سەن مالنى تاپشۇرۇۋېلىش ئەھۋالىنى سۆزلەپ باق، — دېدى.

— ئىشىك ئالدىغا بارغاندىن كېيىن، پىلان بويىچە مەن ئالدىن كىردىم، ئىككى خوجايىن ماشىنىدا قالدى. ما رۇيىي مال بار، ئەمما ھازىر بېرىشكە بولمايدۇ، يەنە ئون نەچچە مىنۇت كۈتۈپ تۇرۇڭ، بايا بىر توپ ساقچى مۇشۇ كوچىدىن ئۆتۈپ كەتتى، ئۇلار لەنجۇ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىدارىسىنىڭ ئىكەن، قاچقان جىنايەتچىنى تۇتماقچى ئىكەن، دېدى. مەن ئەمىسە ماشىنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ تۇراي، دەپ يېنىپ چىقتىم. مەن ماشىنىغا چىقىپ بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن بىر ئادەم ما رۇيىينىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى، ئۇ بىردەمدىلا ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ قالدى. ما رۇيىي ئۆيىدىن چىقىپ بىزنىڭ ماشىنىغا چىقتى ۋە خوجايىنىنىڭ دېيىشىچە بۈگۈن سودىمىز بولمايدىكەن، باياتىن بېرى ساقچىخانىنىڭ ئادەملىرى مۇشۇ ئەتراپتا ئايلىنىپ يۈرگىدەك، دېدى. مەن: ساقچىخانىدىكىلەر ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ قاچقۇن جىنايەتچىنى تۇتۇشىغا ياردەملىشىۋاتامدۇقانداق؟ دېدىم. ئۇ خوجايىن كەتتى، يەنىلا پەخەس بولغان ياخشى، خوجايىنىنىڭ دېيىشىچە، ئەتە چۈشتىن كېيىن سائەت 2 يېرىمدا كېلىڭلار، —دېدى.

— سېنىڭچە، ئۇلارنىڭ بۇ سۆزى راستىمىدۇ؟ —سورىدى مۇئاۋىن نازىر ياڭ فۇ. بەي فېڭكۈي سەل ئويلىنىۋېلىپ:



— ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى روھىي ھالىتى، گەپ - سۆزىدىن قارىغاندا، راست، —دېدى.

—ئۇنداقتا پەيزىپىڭدىكى دېڭ خاسەن نېمىشقا كەلمىگەندۇ؟

— يامغۇر ياغقاچقا كەلمىگەندۇ، ئەتە جەزمەن كېلىدۇ.

## تورنى كەڭ يېيىش

خۇددى پەرەز قىلىنغاندەك، دېڭ خاسەن تۈنۈگۈن يامغۇر ياغقانلىقى ئۈچۈن كېلەلمىگەنىدى. دېڭ خاسەن پۇل تېپىشقا ئالدىراۋاتقاچقا، ئەتىسى ئەتىگەندە تاڭ يورۇشى بىلەنلا لىنتاۋ ناھىيە بازىرىغا كەلدى. ئۇ بەي فېڭكۈيگە تېلېفون بېرىپ، لىنتاۋ كۆۋرۈكى بويىدا ساقلاپ تۇرۇڭ، دېدى.

مۇئاۋىن نازىر ياڭ فۇ: مەخپىيەتلىكنى ساقلاش شەرتى ئاستىدا دېڭ خاسەننى قولغا ئېلىڭلار، دەپ يوليورۇق بەردى، بەي فېڭكۈي دەرھاللا كۆرۈشۈشكە ئەۋەتىلدى. ئەمما، ئۇ كۆۋرۈك بېشىغا بېرىپ بىر سائەت ساقلىغان بولسىمۇ، دېڭ خاسەن سايىسىنىمۇ كۆرسەتمىدى. ساقچىلار مەخپىي ھالدا ئىزدەپمۇ دېڭ خاسەننى تاپالمىدى. روشەنكى، ئۇلار ھەم پۇل تېپىشقا ئالدىراۋاتاتتى، ھەم تازا ئىشىنىپ كېتەلمەي سىناپ كۆرۈۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن بەي فېڭكۈينىڭ قايتىپ كېلىشىگە، ناۋادا دېڭ خاسەن يەنە تېلېفون بەرسە لەۋزىگىدە تۇرمايدىكەنسەن دەپ تازا تىللاش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىلدى. سائەت 12 دە دېڭ خاسەن يەنە تېلېفون بەردى، بەي فېڭكۈي راسا ئاچچىقلاندى:

— سەن لەۋزىگىدە تۇرمايدىكەنسەن، مېنى قايتا قايتا ئالدىدىڭ، خوجايىنىم ئالدىدا گەپ قىلغۇدەك يۈزۈممۇ قالمىدى. سەن بىزگە ئىشەنمەي سىناپ چېكىپ بېقىۋاتامسەن، ساڭا ئېيتىپ قوياي، بىز تېخى ساڭا ئىشەنمەيمىز، خوجايىنىنىڭ بەكلا ئاچچىقى كەلدى. ئەگەر سەن يەنە ئالدىساڭ، بولدى، مېلىڭنى ئالمايمىز!

دېڭ خاسەن بەي فېڭكۈينىڭ ئاچچىق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، دەرھال چۈشەندۈرۈپ:

ـ مەن سىزنى كۈتتۇم، سىز كەلمىدىڭىز، بولمىسا بىز ئۇچرىشالماي قالغان ئوخشايمىز، مې- نىڭ سەنجىياجىدا ئازراق ئىشىم بارىدى، شۇڭا ئالدى- راپ تۇرۇۋاتىمەن، چۈشتىن كېيىن جەزمەن سىزنى ئىزدەيمەن. ناۋادا مۇشۇ سودىمىز ئىبقىپ قالسا، مەن سىزگە يەنە بىر نەچچە خوجايىننى تونۇشتۇرۇپ قو- يىمەن، ـ دېدى.

سائەت 13 تە، قۇربان، بەي فېڭكۇي قا- تارلىق ئۇچەيلەن ما رۇيىينى ئىزدەپ سەنجيا- جىغا باردى. قۇربان بىلەن لا مىنتيەن ماشىنىدا قېلىپ، بەي فېڭكۇينى ئۆيگە كىرگۈزدى. بىر ئازدىن كېيىنلا ما رۇيىي ئۆيدىن چىقىپ قۇربانلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. ئۆيدە ما رۇيىي ئاۋۋال بىر بۆلۈك پۇلنى بېرىڭلار دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. قۇربان:

ـ ساڭا 10 مىڭ يۈەن بېرىمەن، ئەمما بىز ياقا يۇرتتىن كەلگەن، سىلەرنىڭ سۈي- قەست قىلىشىڭلاردىن قورقىمىز، شۇنداقلا هۆكۈمەت غوجاملاردىنمۇ قورقىمىز، سىلەر جەزمەن بىزنى گۇاڭخې ناھىيىسىنىڭ چېگ- رىسىدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشۇڭلار كېرەك، بىز لىنتاۋغا بارغاندىن كېيىن قالغان پۇلنى بېرى- مەن، ـدېدى.

ما رۇيىي پۇلنى كۆرۈپلا:

ـ بولىدۇ، ئۆتكەندە دېيىشكىنىمىزدەك بولسۇن، بىز لەۋزىمىزدە تۇرىمىز، ـدېدى.

دېڭ خاسەنگە كەلسەك، ئۇ چۈشتىن كې- يىن سائەت 16 دە يەنە ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى مېھمانخانىسىغا تېلېفون بېرىپ، بەي فېڭ- كۇيگە لىنتاۋ مېھمانخانىسىدا كۆرۈشۈشنى ئۇقتۇردى.

مۇئاۋىن نازىر ياڭ فۇ مەخپىي تۇتۇش گۇ- رۇپپىسىدىكىلەرگە ئاشۇ مېھمانخانىنى قور- شاشقا بۇيرۇدى. دەل، توغرا بولۇشنى نەزەردە تۇتۇپ ساقچى ليۇ ۋېنبو بىلەن ئايال ساقچى ليۇ يۈيىڭنى ئاشىق مەشۇق سۈپىتىدە ئاشۇ مېھمانخانىغا بېرىپ، بەي فېڭكۇيگە ماسلى- شىشقا ئەۋەتتى.

ئەمما بۇ «ئاشىق ـ مەشۇقلار» ئۇ يەردە بىر سائەت كۈتكەن بولسىمۇ دېڭ خاسەننى، بەي فېڭكۇينى كۆرەلمىدى.

كەچ سائەت 7 دە، دېڭ خاسەن يەنە مېھ- مانخانىغا بەي فېڭكۇيگە تېلېفون بېرىپ ئۇنى چېكىپ باقتى، مەن لىنتاۋ مېھمانخانى- سىدا ساقلىدىم، سىز بارمىدىڭىز، دېدى ۋە:

ـ مەن ھازىرلا ياتىقىڭىزغا بارىمەن، ـدېدى.

سائەت 7 دىن 10 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۇ تۆت تاپانچىنى كۆتىرىپ يۇقىرىغا چىقتى. ئى- شىكتىن كىرىپلا تورغا چۈشتى. بۆلۈم باش- لىقى ياۋ فېڭ:

ـ ئاخىرى كەلدىڭ، مەن تۈنۈگۈن چۈش- تىن كېيىندىن باشلاپ بۇ يەردە سېنى ساقلاپ تۇرغانىدىم، ـ دېدى.

شۇنىڭغا قەدەر، ئىككى ئاساسلىق جىنا- يەتچى تۇرلۇك ھىيلىلەرنى ئىشلەتكەن بول- سىمۇ، ئاخىر يەنىلا قانۇن تورىغا چۈشتى.

سائەت 0 دە، باش قوماندانلىق قىلغۇچى ياڭ فۇ بۇيرۇق چۈشۈردى، 30 ماشىنا تەڭلا يولغا چىقىپ ئىككى ناھىيىنىڭ 3 يېزىسى- دىكى 8 نەپەر جىنايەتچىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى، تاتلىق ئۇيقۇدىكى جىنايەتچىلەر بىر بىرلەپ تۇتۇلدى. ئەتىگەن سائەت 7 دە جەڭ ئا- خىرلاشتى.

بۇ قېتىمقى جەڭدە، قورال ياسىغۇچى 8 جىنايەتچى، 54، 64 تىپلىق ۋە ئالتە ئاتاردىن بولۇپ 57 تاپانچا، 97 پاي ئوق، تاپانچىنىڭ زاپچاسلىرىدىن 460 تىن كۆپرەكى، قورال ياسايدىغان سايمانلىرىدىن 80 نەچ- چىسى، 17 مىڭ 900 يۈەن نەق پۇل، 950 يۈەن يالغان پۇل قولغا چۈشتى، قورال ياساش ئۇۋى- سىدىن ئىككىسى ئۈزۈل ـ كېسىل بىتچىت قىلىندى.

7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ج خ مىنىس- تىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى تيەن چيىۇ، ج خ مىنىستىرلىقى ئىچكى ئامانلىقنى قوغ- داش ئىدارىسى ئارقا ئارقىدىن تەبرىك تېلېگ- راممىسى ئەۋەتىپ، جەڭگە قاتناشقان كادىر ـ ساقچىلارنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

ماخمۇتجان ئىسلام(ت)







راخمانجان رۇسۇل

### ئادەم ئەقىللىق

ئىنسانلار پەيدا بولغان 50 مىڭ يىل مابەينىدە، بۇ رەقەمدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ 50 مىڭ يىل جەريانىدا، ئىنسانلار ئاددىي تاش قوراللارنى ئىشلىتىشتىن ئالەم كېمىسى ھەيدەشكە قەدەر تەرەققىي قىلىپ، تېخنىكا جەھەتتىن كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە يۈكسەلدى. ئادەم دۇنيادا ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى ياراتتى. ئاجايىپ چوڭ كەشپىياتلارنى ئىختىرا قىلدى. ئۇ ھەتتا ئالەم كېمىسى دەۋرىدىن ھالقىپ، بۈگۈنكى ئېلېكترون دۇنياسىغا قەدەم قويدى. ئادەم ئالەمنىڭ ماكرو دۇنياسىنى ئۆزلەشتۈرەلىگەن بولسىمۇ، ئۆز تېنىدىكى دۇنيا ئۆز مېڭىسىنىڭ سىرىنى ئاچالمىدى. ئاتوم دەۋرىدىكى تېخنىكا تەرەققىياتىنى باشتىن كەچۈرگەن ئىنسان، ئۆز تېنىنىڭ سىرلىرىنى بىلىش ۋە ئۇنى ئىدارە قىلىشقا قادىر بولالماي كېلىۋاتىدۇ...

### ئادەم ئەقىلسىز

ئادەم گەرچە يۇقىرىقىدەك ئىختىرالارنى كەشىپ قىلىپ كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان يېڭى تېخنىكىلارغا يۈزلەنگەن بولسىمۇ، ئۆز تېنىنىڭ سىرلىرىنى بىلىش ۋە ئۇنى ئىدارە قىلىشقا قادىر بولالمايۋاتقانلىقى ئۈچۈنمۇ يەنە شۇ ئىنسانلار خاتىرجەم ياشاۋاتقانلارنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزدى. بەزىلەر ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن ئوخشاش ماكان، ئوخشاش زاماندا ئوخشاش ھوقۇق، ئوخشاش مەجبۇرىيەتلەردىن تەڭ بەھرىمان بولۇۋاتقان تۇرۇقلۇق، خاتىرجەم ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىۋاتقانلارنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشىغا، ئۇلارنىڭ مال مۈلكىگە تەھدىت سېلىپ، ئۇلارنى بۇلىدى، ئوردى، ھەتتا ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش تاتلىق جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى.

ئادەم ئەقىلسىز. ئادەملەر بىر - بىرى بىلەن ئوخشاش زامان، ئوخشاش ماكاندا ياشاۋېتىپ، باشقىلارنىڭ ھالال ئەمگىكى بەدىلىگە كەلگەن مال - مۈلكىگە چاڭ سېلىپ تەييارغا ھەييار بولدى. ئۇلار ئەقىلسىزلىقىدىن



يۇقىرىلارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدايدىغان دۆلەت قانۇنىنى كۆزگە ئىلماي ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپتى ...

ئادەم ئەقىلسىز. ئۇنىڭ دەسلەپتە كۆڭلىگە پۈككىنى ھالال ئەجرىگە، ئىككى بېلىكىگە ياكى ئۆزىنىڭ زېھنى كۈچىگە تايىنىپ ھالال ياشاش بولسىمۇ، ئۆز ئىرادىسىگە مۇخالىپ ئىش قىلدى. ئاتا ئانىسى، ئۆز يۇرتىنىڭ ئۈمىدىنى ئۇنۇتتى. ئۇ ئەسلىدە ئۆزىنى ئەر چاغلىسا، باشقىلارنى شىر چاغلىشى، قانۇننى ئۆگىنىپ قويۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۆزىنى باشقىلارغا قول شىلتىشقىلا يارالغاندەك، باشقىلار خۇددى ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنى داۋاملىق مېھمان قىلىشى، ئۇنىڭ ئالدىدا «خوش - خوش» دەپ قول باغلاپ تۇرۇش ئۈچۈنلا يارالغاندەك قارىدى. شۇڭا ئۇلار ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەپ، باشقىلارنىڭكىنى يالغانغا چىقاردى ...

## ئالدىراش پەيتتە مەلۇم قىلىنغان قاتىللىق دېلوسى

1999 - يىل 29 - نويابىر، پەيزىۋات ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىدىكى كادىر ساقچىلار ناھايىتى ئالدىراش ئىدى. ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ جىنايى ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى غوپۇر قادىر جىنايى ئىشلار ئەترىتىگە شۇ كۈنلۈك ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، ئاخشام چىراغدا يېزىپ تۈگىتەلمىگەن يىللىق خىزمىتىدىن يېزىلىدىغان ۋەزىپە ئۆتەش دوكلاتىنى يېزىۋاتاتتى. ئۇشتۇمتۇت بېرىلگەن تېلېفون ئۇنىڭ زېھنىنى چاچتى. دېلو مەلۇم قىلغۇچى مىشا يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ باشلىقى ئېلى ئوسمان ئىدى:

- يېزىمىزنىڭ 17 - كەنت 6 - گۇرۇپپىسىدا بىر قاتىللىق دېلوسى يۈز بەرگەن بولۇپ، ئۆلگۈچى غېنى ياسىن ئۆز ئۆيىدە ناھايىتى ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلگەن...

- نەق مەيداننى ياخشى ساقلاڭلار، دېدى غوپۇر قادىر ساقچىخانا باشلىقىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، بىز دەرھال يېتىپ بارىمىز.

غوپۇر قادىر تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇپلا ئىدارە باشلىقى چاڭ لىپىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئەھۋالنى دوكلات قىلدى. «مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى» ئەزالىرىنى بېكىتتى ھەم غوپۇر قادىر دەرھال ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىگە تېلېفون بېرىپ ئۇلاردىن بىر قانۇن دوختۇرى تەلەپ قىلىپ، قانۇن دوختۇرىنىڭ ناھىيىگە كەلمەي ئۇدۇللا نەق مەيدانغا بېرىشنى ئېيتىپ جەڭگە ئاتلاندى. ئۇ «مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى»دىكىلەرگە ئۇقتۇرۇش قىلىۋاتقىنى بىلەن، 1 - دېكابىر ئۆتكۈزۈلىدىغان ئوغلىنىڭ سۈننەت تويىنىمۇ ئويلىمىسا بولمايتتى. ئوغلىنىڭ سۈننەت تويى شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم كېچىكتۈرۈلۈشى ئىدى. بۇ قېتىم يەنە كېچىكسە باشقىلار نېمە دەيدۇ، ھەممىدىن يامان بولغىنى باغاق تارقىتىلىپ بولغانىدى.

غوپۇر قادىر بۇ قېتىممۇ كېچىكتۈرۈش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە تېلېفون ئارقىلىق ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈۋاتقاندا ئايالى مەشىلداپ يىغلاپ كەتتى.

مەن جىنايى ئىشلارغا مەسئۇل تۇرۇقلۇق دېلونى پاش قىلمىسام، تەشكىلگە قانداق جاۋاب قىلىمەن. خەلقنىڭ ھاياتى دەخلى - تەرۇزغا ئۇچراۋاتسا بىز توي قىلىمىز دەپ يۈرسەك بولامدۇ؟

- ج خ ئىدارىسىدا سىز يالغۇز ئىشلىمىگەندىن كېيىن باشقىلار بېرىپ تۇرسا...

غوپۇر قادىرنىڭ ئايالى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى.

- مەن يالغۇز ئىشلىمىگەن بىلەن دېلونى پاش قىلىش مۇھىم، توينى كېچىكتۈرسەك بولىدۇ، ئەمما دېلو پاش قىلىشنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ، سىز يىراق - يېقىندىكىلەرگە توينىڭ يەنە كېچىككەنلىكىنى خەۋەر قىلىۋېتىڭ - ئۇ خوتۇنىنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇپ، ئىدارە باشلىقى چاڭ لىپى بىلەن جىنايى ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى



مۇتەللىپ تۇرسۇن، ياش رازۋېدكىچى ئېلى ھاپىز، ئەسقەر ئەمەت، تېخنىك ۋاڭ ياشىن، قانۇن دوختۇرى مىجىت ئۇمەرلەرنى ئېلىپ دەرھال دېلو سادىر بولغان نەق مەيدانغا يېتىپ باردى...

## ئىز قالدۇرمىغان قاتىل

ئۆلگۈچى غېنى ياسىن مىشا يېزا 17 ـ كەنت 6 ـ گۇرۇپپىدا ئولتۇرۇشلۇق 23 ياشلىق دېھقان بولۇپ، ئايالى ۋە بىر بالىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئايالى بالىسىنى ئېلىپ ئاتا ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئازنىلاپ كەتكەن بولۇپ، 28 ـ دېكابىر غېنى ياسىن ئۆيىدە يالغۇز ئىدى. نەق مەيدان ئەھۋالىدىن قارىغاندا، غېنى ياسىننىڭ باش ئارقا مېڭە، قۇلاق تۈۋى قاتارلىق جايلىرى قاتتىق ئۇرۇلۇپ، ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسىتەلمەي جايىدىلا ئۆلگەن. جەبىرلەنگۈچىنىڭ باش قىسمىدىن ئېتىلىپ چىققان قان ئۆيدىكى كېگىزگە ۋە تامغا چاچرىغان. نەق مەيداندا باشقا ھېچقانداق ئىز قالمىغان بولۇپ، ھويلا تاكى يولغا بارغىچە پاكىز سۈپۈرۈلۈپ قويۇلغان. ئۆيدىن بىر دانە «كەيگى» ماركىلىق 14 دىيۇملۇق رەڭسىز تېلېۋىزور يوقالغان، لامپۇچكا سىمى ئۈزۈۋېتىلگەندىن باشقا ھېچقانداق مال ـ مۈلۈك يوقالمىغان. جاراھەت ئەھۋالىدىن قارىغاندا جەبىرلىنىپ ئۆلگۈچىنىڭ قېشىدا تاشلاپ قويۇلغان كەتمەن بىلەن ئۇرغان بولۇپ، كەتمەن غېنى ياسىننىڭ ئىدى.

## گۇمانىي ھۆكۈم

رازۋېدكىچىلار دېلو سادىر بولغان نەق مەيدان، جەبىرلىنىپ ئۆلگۈچىنىڭ ھالىتى، جاراھىتى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، سۈرەتكە ئېلىپ بولۇشقا، ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ قانۇن دوختۇرى 70 نەچچە كىلومېتىر يول يۈرۈپ يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئەتراپلىق تەھلىل قىلىش ئارقىلىق مۇنداق گۇمانىي ھۆكۈم چىقاردى: قاتىل جەبىرلىنىپ ئۆلگۈچىلە بەرەر ئۆچى بار، ئەمما يېقىن ئادەمى. قاتىل جەبىرلىنىپ ئۆلگۈچى بىخارلمان تۇرغاندا بىلىنمەي ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن. قاتىل يېقىن ئەترابتا، جەبىرلىنىپ ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق تۇغقىنى ياكى يېقىن ئادەملىرى ئىچىدە...



## «يېپ ئۇچى» ئىزدەش

«29 ـ نويابىر» دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەر تېخى چۈشلۈك تاماقنى يېمىگەنىدى. ئۇلار چوڭ يىغىن، كىچىك يىغىن ئېچىش، ئايرىم سۆھبەت ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق بىرەر گۇمانلىق ئەھۋالنىمۇ سەزمىدى، بىرەر يىپ ئۇچىغىمۇ ئېرىشەلمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار بولدى قىلدىمۇ؟ ياق، بۇ مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدا ئىدارە باشلىقى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، جىنايى ئىشلار بۆلۈم باشلىقى، ناھايىتى مۇرەككەپ دېلولارنى پاش قىلغان ياش قەھرىمان رازۋېدكىچىلار بار تۇرۇقلۇق دېلونى پاش قىلالمىسا پىشانىسىدىكى دۆلەت گېربىگە، خەلققە، تەشكىلگە نېمە دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ؟ يېرىم كېچە بولغاندا گۇمان 5 كىشىگە مەركەزلەشتى. ئۇلار تاڭ ئاتاي دېگەندە تورنى يىغايلى دەۋاتاتتى. «بېلىق» تورنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتۈپ كەتتى. تاڭ ئاتتى، ئۇلار قايتا تور بايدى، تورغا بىر نەرسە چۈشمىۋاتاتتى. بىر قانچە «بېلىق» تورغا كىرمەتتىيۇ، تورنى يىغاي دېگەندە دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئالاتتى. قاتىل سىرتتىن كەلدىمۇ يا؟ ياق، مۇمكىن ئەمەس، قاتىل چوقۇم جەبىرلىنىپ ئۆلگۈچىنىڭ يېقىن ئادىمى...

30 ـ نويابىر چۈش بولدى. 10 نەچچە نەپەر رازۋېدكىچى ئەھۋال ئىگىلەش، يىپ ئۇچى ئىزدەشنى داۋاملاشتۇرماقتا. 29 نويابىر يالغۇز ھەرىكەت قىلغانلاردىن بىرەرسىمۇ چىقمىدى. 30 نويابىر چۈشتىن كېيىن سائەت 4 ئەتراپىدا بىر «بېلىق» توردىن چىقىپ، قارىماقنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەپ يەمچۈككە ئاغزىنى ئاپاردى. ئۇ دەرھال ئاغزىنى قاچۇراتتى. ئۇستاتلىق قىلىۋاتامدىكى دېسە، «بېلىق» بەك كىچىك بولۇپ، ئۇستاتلىق قىلغۇچىلىكى يوق ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ تورنىمۇ قارماقنىمۇ تاشلاش لازىم...

## «بېلىق» قارماققا ئىلىندى

كىچىك «بېلىق»نىڭ ھەرىكىتى رازۋېدكىچىلارنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلدى. ئەمدى تورنىمۇ يىغماي بولمايتتى، رازۋېدكىچىلار دەرھال قارماقنىڭ قېشىدا يەمچۈككە بويۇنداپ يۈرگەن «كىچىك بېلىق» جىنايەت گۇماندارى ت × ×نى چاقىرىپ ئەھۋال ئىگىلىدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى گۇمانلىق بولغان بىلەن قاتىللىق يۈز بەرگەندە ئۇنىڭ نەق مەيداندا يوقلۇقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلار تولۇق ئىدى. ئۇنداق بولمىسا ئۇ نېمە ئۈچۈن ئالاقزادە بولىدۇ؟ بىر گەپنى دېمەكچى بولىدۇيۇ، ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كەلگەندە يۇتۇۋېتىدۇ؟

1 ـ دېكابىر، كېچە سائەت بىر. «كىچىك بېلىق» ت × × ئۆزىچىلا ھۆڭگىرەپ ئېيتىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يىغىسى ئۇنىڭ ھازىرقى 16 ياشقا بىلەن زادىلا ماس كەلمەيتتى.

ـ نېمىگە يىغلايسەن؟ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى سىلىق سورىدى، غېنى ياسىننى سېنىڭ ئۆلتۈرمىگەنلىكىڭگە ئىشىنى...

مەن، بىراق سەن ئەھۋالنى بىلـمە-
سەن، شۇڭلاشقا ھەقىقىي ئەھۋال-
نى ئېيتىشىڭ لازىم. سەن راست
گەپ قىلساڭ بىخەتەرلىكىڭگە
كاپالەتلىك قىلىمىز ھەم مەخپى-
يەتلىكىنى قەتئىي ساقلايمىز.
ـ راستمۇ؟ ئۇ كۆز يېشىنى
چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈۋې-
تىپ سورىدى.
ـ راست، بۇنىڭغا ئى-
شەن دېدى مۇئاۋىن ئىدارە
باشلىقى روھلىنىپ، ئۇ
ئىككى سوتكىغا يېقىن كۆز
يۇممىغانلىقىنى، ئىسسىق
بىر ۋاق تاماق يېمىگەنلىكىنى
ئۇنتىغانىدى...

## ھىيلىگەر تۈلكە

جىنايەت گۇماندارى تۇراق
قۇربان بىلەن تاھىر ئابلىكىم
دەسلەپ مۇھىم جىنايەت گۇ-
ماندارلىرى ئىچىدە بار ئىدى،
بىراق ئۇلارنىڭمۇ قاتىللىق
يۈز بەرگەندە نەق مەيداندا يوق
ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدى-
غانلار كۆپ بولغىنى ئۈچۈن،
ئۇلارنى توختىتىپ سوراق قى-
لىشقا دەلىل ئىسپات تولۇق
ئەمەس ئىدى. ت × ×نىڭ
ئېيتقانلىرىدا يالغانچىلىق
يوقتەك قىلاتتى. شۇڭلاشقا
ئۇلار 1 ـدېكابىر تاڭ ئېتىشى
بىلەن تەڭلا جىنايەت گۇماندا-
رى تاھىر ئابلىكىمنىڭ ئۆيى-
گە «پەتە»گە كىردى. ئۇلار
ئەھۋال ئىگىلەۋېتىپ، تۇيۇق-
سىز كارىۋات ئاستىدىن بىر
جۈپ ئاياغنى چېلىقتۇرۇپ
قالدى، ئاياغدا يېڭى قان دېغى
چېلىقتى.
ـ بۇ نېمە قان؟ دەپ
سورىدى مۇئاۋىن ئىدارە باش-
لىقى غوپۇر قادىر.
ـ بۇ ...بۇ ... ئۆتكەن
ھەپتە توشقان ئۆلتۈرگەنىدىم،
دېدى جىنايەت گۇماندارى تاھىر.

...

تېخنىك خادىملار، قانۇن
دوختۇرلىرىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە
ئانالىز قىلىشىچە جىنايەت گۇ-
ماندارى تاھىرنىڭ ئايىغىدىكى قان
بىلەن جەبىرلىنىپ ئۆلگۈچى غې-
نى ياسىنىنىڭ قېنى ئوخشاش چى-
قىپ، 1 ـدېكابىر ئۇلار قانۇن بو-
يىچە توختىتىپ قويۇلدى.

ھىيلىگەر تۈلكە شۇڭقارنىڭ
كۆزلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى.
جىنايەت گۇماندارى تۇراق قۇربان
جەبىرلىنىپ ئۆلگۈچى غېنى يا-
سىن بىلەن بىر مەھەللىلىك ھەم
تەڭ دېمەتلىك ئاغىنە بولۇپ، ئايا-
لى ۋە بىر بالىسى بار ئىدى. يەنە
بىر جىنايەت گۇماندارى تاھىر ئاب-
لىكىممۇ شۇ مەھەللىلىك بو-
لۇپ، تېخى ئەمدىلا 16 ياشقا
كىرگەنىدى.

جىنايەت گۇماندارى تاھىر
ئابلىكىم 1999 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ
28 ـكۈنى، جىنايەت گۇماندارى
تۇراق قۇرباننىڭ ئۆيىگە بېرىپ،
ئۇنىڭ ۋېلسىپىتىنى ئارىيەتكە
ئېلىپ، شاقىرما بازىرىغا ئۇن
تارتقىلى بارغان. ئۇ كۈنى شا-
قىرمىنىڭ بازار كۈنى بولغىنى
ئۈچۈن بازاردا ئويناپ، كەچتە ئۆ-
يىگە قايتىپ كېتىۋېتىپ، جەبىر-
لىنىپ ئۆلگۈچى غېنى ياسىن بى-
لەن ئۇچرىشىپ ۋېلسىپىتقا مىنى-
گىشىپ كېلىۋېتىپ تۇراق قۇر-
باننى چاقىرىپ قىمار ئويناشنى
پۈتۈشكەن. مەھەللىگە يېتىپ
كەلگەندە تاھىر ئابلىكىم ئۆيىگە
كىرىپلا چىقىدىغان، غېنى ياسىن
تۇراق قۇرباننى چاقىرىپ ئۆز ئۆ-
يىدە ساقلايدىغان بولۇپ پۈتۈشۈپ
تارقاشقان. غېنى ياسىن ئۆيىگە
كىرىپ كېتىۋېتىپ، يولدا تاھىر
ئابلىكىمگە بېرىپ تۇرغان ۋېلى-
سىپىتنى قايتۇرۇۋېلىشقا چىق-
قان جىنايەت گۇماندارى تۇراق
قۇرباننى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭغا قى-
مار ئويناش پىلانىنى ئېيتقاندا تۇ-
راق قۇربان قوشۇلغان. بىراق غېنى
ياسىن ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قايتماي
ئاتا ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ
كەتكەن. پۈتۈشكەن بويىچە تۇراق
قۇربان غېنى ياسىنىنىڭ ۋېلىسى-
پىتىنى مىنىپ غېنى ياسىنىنىڭ
مەھەللىسىگە بارغاندا ئىشىكتە
قۇلۇپ بار بولۇپ، قايتىپ تاھىر
ئابلىكىمنىڭ ئىشىكى ئالدىغا
كېلىشىگە تاھىر ئابلىكىم ئۆيى-
دىن چىقىپ ئەھۋالنى ئۇققاندىن
كېيىن «ئۇ چوڭ ئۆيدە، مەن چاقى-
رىپ چىقىمەن» دەپ، غېنى يا-
سىنىنىڭ دادىسىنىڭ ئىشىكىنى
قېقىپ غېنى ياسىننى چاقىرغان.
غېنى ياسىن چىقىپ «سىلەر بىز-
نىڭ مەھەللىدە تۇرۇپ تۇرۇڭلار،
مەن ھازىرلا چىقىمەن» دەپ، ئۆيگە
كىرىپ ئانىسىدىن 20 يۈەن ئېلىپ
چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئۆيىدە تۇراق
قۇرباننىڭ «دىڭ دىڭ»سى بىلەن
قىمار ئوينىغان. قىمار ئويناش
جەريانىدا غېنى ياسىنغا تۇراق
قۇربان 95 يۈەن، تاھىر ئابلى-
كىم 150 يۈەن ئۇتتۇرۇۋەتكەن.
ئۇتتۇرۇۋەتكەن تۇراق قۇربان
بىلەن تاھىر ئابلىكىم چوتار
تەلەپ قىلغان. غېنى ياسىن
تاھىر ئابلىكىمگە 4 يۈەن،
تۇراق قۇربانغا 2 يۈەن تەڭلى-
گەندە، تۇراق قۇربان ئالغىلى
ئۇنىمىغان. غېنى ياسىن «-
ئالمىساڭ مەيلى» دەپ ئۇتتۇ-
ۋالغان پۇللارنى رەتلەۋاتقاندا،
تۇراق قۇربان «مەن سىرتقا
چىقىپ كىرەي» دەپ ئورنى-
دىن تۇرۇپ ماڭغان
ۋە غېنى ياسىنىنىڭ
ئايۋان ئۆيىدە تۇرغان



كەتمەننى ئېلىپ كىرىپ، غېنى ياسىننىڭ بېشىغا بىرنى ئۇرغان، غېنى ياسىن شۇ هامان يىقىلغان. تۇراق قۇربان يەنە باش قىسمىغا ئارقا ئارقىدىن 6 ، 7 نى ئۇرغان. غېنى ياسىن بىر قېتىم «ۋايجان» دېگەنچە گەپمۇ قىلالماي ياتقان. جىم ياتقانلىقىنى كۆرگەن تۇراق قۇربان تاھىر ئابلىكىمگە: «غېنىنىڭ قولىدىكى پۇلنى ئال» دەپ بۇيرۇغان. تاھىر ئابلىكىم غېنى ياسىننىڭ قولىدىكى 265 يۈەن پۇلنى ئالغاندىن كېيىن ئىككىسى سىرتقا چىقىپ چوڭ يولدىلا تاھىر ئابلىكىم 150 يۈەن، تۇراق قۇربان 115 يۈەن بۆلۈشۈپ، ھەر ئىككىيلەن باشقا باشقا يول بىلەن ئۆيلىرىگە كېتىشكەن. تۇراق قۇربان ۋېلىسىپىتنى ئۆيىدە قويۇپ، پىيادە يەنە غېنى ياسىننىڭ مەھەللىسىگە بېرىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ غېنى ياسىننىڭ ئۆلگەنلىكىگە جەزم قىلغاندىن كېيىن، غېنى ياسىننىڭ ئۆيىدىكى 14 دىئوملۇق بىر دانە «كەيگې» ماركىلىق رەڭسىز تېلېۋىزورنى ئېلىپ، لامپۇچكىنىڭ سىمىنى ئۈزۈۋېتىپ سىرتقا چىققان ۋە تېلېۋىزورنى يول ياقىسىدا قويۇپ، ۋېلىسىپىتنىڭ ئىزىنى ۋە تاھىر ئابلىكىمنىڭ ئىزىنى يولغا چىققىچە سۈپۈرۈۋېتىپ ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن تېلېۋىزورنى سامانلىققا يوشۇرۇپ قويغان. پۇلدىن 10 يۈەننى ئېلىپ



قېلىپ قالغان پۇلنى ئايالىغا يوشۇرۇپ قويۇشنى تاپىلاپ بەرگەن. ئاندىن ئىنىسى تۇردى قۇربانغا: «بىز بىر پوق يېدۇق، تاھىر غېنىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى» دېگەن. ئىنىسى «سەن دەرھال ئۆزۈڭنى مەلۇم قىل» دېگەندە ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇرغان. ئۇنىڭدىن كېيىن خوتۇنى، ئاتا ئانىسىغا ئەھۋالنى ئېيتىپ، ھەرگىز چاندۇرۇپ قويماسلىقنى قايتا قايتا تاپىلىغان.

تاھىر ئابلىكىم ئۆيىگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ئايىغىنى ۋە شىمىنى ئېغىلغا كۆمۈپ، پۇلنى، «دىڭ دىڭ»نى ئېغىل تېمىنىڭ تۆشۈكىگە تىقىپ تېزەك بىلەن سۇۋۇۋەتكەن. 29 - نويابىر ج خ ئىدارىسىدىكى رازۋېدكىچىلار بارغاندىن كېيىن ئىككى گۇماندار يەنە ئۇچرىشىپ، روھلۇق يۇرۇشنى، چاندۇرۇپ قويماسلىقنى ھەم ئۆزئارا پاش قىلماسلىقنى، ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئىقرار قىلماسلىقنى پۈتۈشۈپ قەسەم قىلىشقان ...

## خاتىمە

1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، جىنايەت گۇماندارى تۇراق قۇربان بىلەن جىنايەت گۇماندارى تاھىر ئابلىكىم بىرلىشىپ مال - مۈلۈكنى بۇلاپ، قەستلەپ ئادەم ئۆلتۈردى دېگەن جىنايەت بىلەن قانۇن بويىچە توختىتىپ قويۇلدى. 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۇلارنىڭ مال مۈلۈكنى بۇلاش مەقسىتىدە قەستلەپ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىك پاكىتلىرى ئېنىق، دەلىل ئىسپاتى تولۇق ھەم راست بولغانلىقى، ئۆزلىرىمۇ جىنايىتىگە ئىقرار بولغىنى ئۈچۈن، دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 25 ، 232 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە جازالاشقا تېگىشلىك دەپ قارىلىپ قولغا ئېلىندى.

- ئوقۇتمىغانىنىڭ كاساپىتى، - دەپ ھۆڭگىرەك ئېيتىپ يىغلاپ كېتىپتى ئىككىلا جىنايەتچىنىڭ ئاتا - ئانىسى، - بىز قۇتۇلۇپ قالارمىكىن دەپ ئۇلارغا چاپان يېپىپتۇق، كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىنسا...

بىراق، ھەرقانداق دات - پەريات چېكىپ، ئۆزىنى كاچاتلىغان بىلەن، قانۇن كۆز يېشىنى ئېتىبار قىلمايدۇ. تولىمۇ ئەپسۇس، بىر جىنايەتچى 22 ياش، ئىناق ئائىلىسى، ئوماق بىر بالىسى، ياش ئاتا - ئانىسى، ئۆم ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بار. يەنە بىر جىنايەتچى ئاران 16 ياش، ئانىسىنىڭ ئوغۇز سۈتى ئاغزىدىن تېمىپ تۇرىدۇ.

نېمىلا دېمەيلى، جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ، بۇنىسى ھەقىقەت!





1995-يىلى 11-ئاينىڭ 20-كۈنى چۈش سائەت 3 ئەتراپىدا، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى يەككە تىجارەتچى يۈەن جىجۈڭ، جېڭ لىجۇ ئەر-خوتۇن جۈڭشەن يولىغا جايلاشقان «ئاققۇ» مېھمانسارىيى ئەتراپىدا گۇرۇگە ئېلىنغانىدى. مانا بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچىنى زىلزىلىگە سالغان قارز ماجىراسى تۆپەيلىدىن كېلىپ چىققان گۇرۇگە ئېلىش دېلوسى ئىدى.

4 يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۆپەيلىدىن بۇ دېلو پاش بولماي، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي-قانون كومىتېتى نۇقتىلىق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بىر قانچە چوڭ دېلونىڭ بىرسى بولۇپ

1999-يىلى 3-ئايدا پاش قىلىندى...

## تاماكا پۇلى ماجىراسى گۇرۇگە ئېلىشقا سەۋەب بولدى

شىخەنزىلىك لياۋ شياۋخۇا 80-يىللارنىڭ باشلىرىدىلا ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ «يۈمىڭلۇ» بازىرىدا تاماكا-هاراق توپ سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ چېچەنلىكىگە تايىنىپ بۇ ساھەدە ناھايىتى تېزلا كۆتۈرۈلۈپ، چوڭتىنكى تۇم پۇلدارغا ئايلانغان. شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك، ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر ئۇنىڭ «لياۋ شياۋخۇا» دېگەن ئىسمىنى ئۇنتۇپ، ئۇنى «لياۋ خوجايىن»، «لياۋ مىليونېر» دەپ ئاتايدىغان بولغان.

تىجارەت جەريانىدا لياۋ شياۋخۇا شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان جېڭ لىجۇ بىلەن تونۇشۇپ قالدۇ، جېڭ لىجۇ ئۈرۈمچىلىك بولۇپ، ئېرى يۈەن جىجۈڭ شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىنىڭ خىزمەتچىسى ئىدى. جېڭ لىجۇ دائىم لياۋ شياۋخۇادىن تاماكىنى توپ ئېلىپ پارچە ساتاتتى. دەسلەپتە لياۋ شياۋخۇا ئېتىبار باھادا جېڭ لىجۇگە مال بېرىپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئىشەنچلىك چوڭپەت-چىلىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. كېيىن جېڭ لىجۇنىڭ تاماكىنى نېسىگە ئېلىش ئەھۋالى باغانىسىرى



كۆپىيىشكە باشلىدى. لياۋ شياۋخۇا پۇلنى سورىغاندا جېڭ لىجۇ ئۇنىڭغا ھۆججەت يېزىپ بېرىپ، پۇلنى تولۇقلاپ بىراقلا بېرىشكە ۋەدە بېرىپ تۇردى. لياۋ شياۋخۇا چۆپقەتلىك يۈز خاتىرىسىنى قىلىپ، جېڭ لىجۇنى مال بىلەن داۋاملىق تەمىنلەپ تۇردى. شۇنداق قىلىپ، 1995 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا كەلگەندە، جېڭ لىجۇنىڭ لياۋ شياۋخۇاغا بېرىشكە تېگىشلىك مال پۇلى ئۆسۈمى بىلەن ھېسابلىغاندا 700 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.

بازارنىڭ كاساتلىشىشى، پۇلنىڭ قىس بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەرز ئىگىلىرىنىڭ لياۋ شياۋخۇانى قەرز قايتۇرۇشقا سۈيلىشى تۈپەيلىدىن لياۋ شياۋخۇامۇ جېڭ لىجۇنى قەرزقەرز قايتۇرۇشقا قىستىدى جېڭ لىجۇ دەسلەپتە ھەر خىل سەۋەب كۆرسىتىپ ئارقىغا سۈرەۋەردى، كېيىن سەۋەب تاپالماي ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگەنلىكتىن لياۋ شياۋخۇانىڭ ئاچچىقى كەلدى. چۈنكى جېڭ لىجۇدىكى پۇل ئۇنىڭ مۇشۇ بىر قانچە يىلدا جاپا تارتىپ تاپقان كىرىمىنىڭ ھەممىسى دېيىشكە بولاتتى. بۇ زەربە ئۇنىڭغا ئېغىر كەلدى. ئامالسىز قالغان لياۋ شياۋخۇا ئۇرۇمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنۇپ، جېڭ لىجۇنىڭ قەرزنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. سوت مەھكىمىسى ئۇنىڭ پاكىتلىرىغا ئاساسەن، جېڭ لىجۇ لياۋ شياۋخۇانىڭ 700 مىڭ يۈەنلىك مال پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىشىنى ھەم پۇل قايتۇرۇش مۆھلىتىنى بېكىتىپ ھۆكۈم چىقاردى. سوتتا جېڭ لىجۇ قەرزنى قايتۇرۇشقا ماقۇل بولغان بولسىمۇ، بىراق ھازىر قايتۇرۇشقا قۇربىتى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ ئىشلار لياۋ شياۋخۇانى ھالىدىن كەتكۈزىۋەتتى. لياۋ شياۋخۇانىڭ 24 ياشلىق ئوغلى لياۋ شېڭ مەلۇم بىر كۈنى دەرتكە چىدىماي، ساقچى بولۇۋېلىپ جېڭ لىجۇنىڭ يولدىشى يۈەن جىجۇڭنى سىرتقا ئالداپ ئېلىپ چىقىپ گۆرۈگە ئېلىۋېلىپ قاچان پۇلنى قايتۇرسا شۇ چاغدا قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. جېڭ لىجۇ ھازىر نەق پۇل يوق، پۇل غەملەشكە ۋاقىت كېتىدۇ، دېگەننى باھانە قىلىپ، پۇل قايتۇرۇشنى رەت قىلدى ھەم بۇ ئىشنى تەپتىش ئورۇنلىرىغا مەلۇم قىلدى. لياۋ شېڭ باشقىلارنى قانۇنسىز گۆرۈگە ئالغان دېگەن گۇناھ بىلەن جىنايى ئىشلار بويىچە تۇتۇپ تۇرۇلدى. بۇ مەزگىلدە، لياۋ شياۋخۇانىڭ ئايالى بۇ دەرت ئەلەمگە چىدىماي ئالەمدىن ئۆتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى گۆرۈگە ئېلىش دېلوسىنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ يوشۇرۇن سەۋەبلىرى بولدى.

1995 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، لياۋ شياۋخۇا جېڭ لىجۇگە تېلېفون بېرىپ، ئەتىسى ئوتتۇرا سوتقا بېرىپ قەرز ماجىراسىنى ھەل قىلىپ كېلىشنى تەكلىپ قىلدى. جېڭ لىجۇ بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ ئەتىسى ئەر ـ خوتۇن بىرلىكتە ئوتتۇرا سوتنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەمەلىيەتتە لياۋ شياۋخۇانىڭ مەقسىتى ماجىرا ھەل قىلىش بولماستىن، جېڭ لىجۇنى گۆرۈگە ئېلىش ئىدى. بۇ قېتىم لياۋ شياۋخۇا ئاتا ـ بالا ئىككىسى بىۋاسىتە قول تىقماي، شىخەنزىدىن بىر قانچە ئادەم چاقىرىپ، جېڭ لىجۇنى ئۇلارغا كۆرسىتىپ قويدى. شۇنداق قىلىپ ئۇرۇمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدا بۇ گۆرۈگە ئېلىش دېلوسى يۈز بەردى.

جىنايەت گۇماندارى لياۋ شېڭ سولاقخانىدا ياتقان 3 يىل ئىچىدە ھەر قانداق مەسىلىگە جاۋاب بېرىشنى رەت قىلدى. ئۇ بۇنى ھاياتلىقنىڭ چېكىگە جەڭ ئېلان قىلىش دەۋالدى

يۈەن جىجۇڭ، جېڭ لىجۇ ئەر خوتۇن گۆرۈگە ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر سىياسىي ـ قانۇن ئورگانلىرىغا ناھايىتى تېز دېلو مەلۇم قىلدى. بۇ دېلونى لياۋ ئائىلىسىدىكىلەر سادىر قىلغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى.

تەپتىش ئورۇنلىرى لياۋ شياۋخۇانى توختىتىپ قويۇپ سوراق قىلغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ نەق مەيداندا يوق ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئىسپاتنى كۆرسىتىپ تۇرۇۋالدى.



تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىمۇ
ئۇنىڭ نەق مەيداندا يوقلۇقى
ئىسپاتلاندى. سوراق چېنىڭ
يەردىن چىققاندا، ئۇ «بۇ
ئىشنى ئوغلۇم قىلغان بولۇ-
شى مۇمكىن» دەپ تۇرۇۋالدى.
ئاساس يېتەرلىك بولمىغانلى-
قى ئۈچۈن، لياۋ شياۋخوا كې-
پىللىك بىلەن قويۇپ بېرىل-
دى. بىراق ئۇ خۇددى سۇغا
قويۇۋېتىلگەن بېلىققا ئوخ-
شاش بىراقلا بۇ دۇنيادىن غا-
يىب بولدى.

1996 - يىل 6 - ئايدا، ل-
ياۋ شېڭ تەپتىش ئورگانلىرى-
نىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك تە-
رىشىشى بىلەن قولغا چۈش-
تى. لېكىن لياۋ شېڭ ھەممە
قىلمىشلىرىنى دادىسىغا
دۆڭگەپ قويدى. تەپتىش
ئورگىنى نۇرغۇن چارە - تەد-
بىرلەرنى ئىشقا سالغان بول-
سىمۇ ، ياۋ شېڭ «پاكىت -
ئاساسىڭلار بولمىسا مېنى
ھېچنېمە قىلالمايسىلەر،
سەۋرچانلىق بىلەن ھاياتلىق-
نىڭ چېكىگە جەڭ ئېلان قى-
لىپ، ئاخىرى بۇ يەردىن چى-
قىپ كېتىمەن» دەپ تەلەي
سىناپ باشتىن ئاخىر سۇ-
كۇتتە تۇرۇۋالدى.

لياۋشېڭ 1996 - يىلى 3-
ئايدىن 1999 - يىلى 3 - ئاي-
غىچە سولاقخانىداتوپتوغرا 3
يىل ياتتى. بۇ جەرياندا جېڭ
لىجۇ ۋە يۈەن جىجۈگىنىڭ
ھېچقانداق ئىز - دېرىكى
بولمىدى. بۇ ھال سىياسىي -
قانۇن ئورۇنلىرىغا ئېغىر بې-
سىم بولدى. لياۋ شېڭنى قو-
يۇۋېتەي دېسە، دادىسىغا ئوخ-
شاش ئىز - دېرەكسىز يو-
قاپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.
قويۇۋەتمەي دېسە، ئۇنى ئۇزۇن
مۇددەت قاماپ قويۇشقا پاكىت
يېتەرسىز ئىدى. دېلونى پاش
قىلىش قىيىن ئەھۋالغا چۈ-
شۈپ قالدى.

1999 - يىلى 3 - ئايدا،
ئۈرۈمچى يېڭىشەھەر رايون-
لۇق ج خ شۆبە ئىدارىسى بۇ
دېلونى ئۆتكۈزۈۋالدى.

مۇھىم دېلولارنى رازۋېدكا
قىلىش ئەترىتىدىكى ساقچى-
لار لياۋ شېڭنى 15 قېتىم ئۇدا
سوراق قىلغاندىن كېيىن، لياۋ
شېڭنىڭ روھىي جەھەتتىكى
مۇداپىئە قورغىنى يىمىرى-
لىپ، يۈەن جىجۈڭ، جېڭ
لىجۇلارنى گۆرۈگە ئېلىش
جەريانىنى ئىقرار قىلىشقا
مەجبۇر بولدى. بۇ چاغدا،
يۈەن جىجۈڭ، جېڭ لىجۇ ئەر
خوتۇنلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگىنى-
گە 3 يىل بولغان ئىدى.

شىخەنزە نەنسەن كان را-
يونىدىن بىر تاشلاندۇق كان
قۇدۇقىدا يۈەن جىجۈگىنىڭ
پارچىلىۋېتىلگەن جەسىتى
بايقالدى، بۇ كان رايونىغا 150
كىلومېتىر يىراقلىقتىكى
موسوۋەن چۆلىدە جېڭ لىجۇ-
نىڭ ئۆلتۈرۈپ كۆيدۈرۈۋې-
تىلگەن جەستى بايقالدى.

جىنايەت گۇماندارى لياۋ
شېڭ ئىقرار قىلىپ مۇنداق
دېدى:

«ئاققۇ» مېھمانسارىيىنىڭ
ئەتراپىدا يۈەن جىجۈڭ ۋە جېڭ
لىجۇنى تۇتۇپ، ئۈرۈمچى
شىمگو رايونىدىكى ئالدىنئالا
تەييارلاپ قويغان بىر ئۆيگە
ئېلىپ كېلىپ قامىدۇق.
بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئادەم
ئۆلتۈرۈش بولماستىن، بەلكى
پۇلنى قايتۇرۇۋېلىش ئىدى.
كىم بىلسۇن، جېڭ قاتتىق-
لىق قىلىپ، باشقىلارمۇ ماڭا
قەرزدار، ئۇلاردىن پۇلنى ئې-
لىپ ئاندىن قايتۇرمامدىم،
دەپ تۇرۇۋالدى. سۆھبەتنىڭ
نەتىجىسى بولمىغاچقا، ئۇ-
لارنى قويۇۋېتىش نىيىتىدىن
ياندىم ھەم ئۇلارغا بولغان
ئۆچمەنلىكىم تېخىمۇ ئاش-
تى. مەن ئۇلارغا، سىلەردە پۇل
بولمىسا، ئائىلەڭلەردىكىلەر
قايتۇرسۇن، دېدىم.

شىمگودا ئۈچ كۈن تۇر-
دۇق، دادامنى تەپتىش مەھكى-
مىسى «چاقىرىپ كەتكەنلى-
كىنى» ئاڭلاپ، دەككە دۈك-
كىدە قالدىم. ساقچىلارنىڭ
تۇيۇقسىز ئاختۇرۇپ كېلى-
شى يۈەن ۋە جېڭنىڭ قېچىپ
كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش
ئۈچۈن، مەن ئاپتوموبىل كىرا
قىلىپ، يۈەن ۋە جېڭنى شى-
خەنزە نەنسەن كان رايونىدىكى
ھاممامنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ
باردىم. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارنى
يەنە ھاممامنىڭ بىر تۇغقى-
نىنىڭكىگە يۆتكىدىم. ئارى-
لىقتا مەن جېڭ ئائىلىسىدى-
كىلەرگە يوشۇرۇن تېلېفون
بېرىپ، پۇل تەييارلاپ ئادىمى-
نى قايتۇرۇۋېلىشنى ئېيتتىم.
بىراق ئۇلار پۇل يىغىشقا ۋا-
قىت كېتىدۇ، ئالدى بىلەن
ئادەمنى قويۇۋېتىڭلار، دېدى.
مەن ئۇلارنىڭ ج خ
ئورۇنلىرىغا مەلۇم قى-
لىپ قويۇشىدىن ئەن-



سىرەپ ئۇلار بىلەن قايتا ئالاقە-
لىشىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم.
بۇمەن ۋە جېڭىلارمۇ بىرىمىز بۇ
يەردە قېلىپ، بىرىمىز چىـ-
قىپ پۇل توپلاپ قەرزنى قايـ-
تۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلايلى دەپ
نەچچە قېتىم يالۋۇرغان بولسىمۇ
مەن پىسەنت قىلمىدىم.

1996 - يىل 3 - ئاينىڭ
20 - ۋنى، مەن يەنە يۈەن جىـ-
جۇڭدىن پۇلنى قاچان قايتۇرىـ-
سەن دەپ سورىغىنىمدا، يۈەن
جىجۇڭ ماڭا ياندى. مەن غەـ-
زەپلىنىپ، يېنىمدىكى گۈرـ-
جەكنى ئېلىپ ئۇنى ئۇرۇشقا
باشلىدىم، ئەس ھوشۇمنى يىـ-
غىپ قارىسام ئاللىقاچان ئۆلۈپ
قاپتۇ. ئىككىنچى كۈنى كەچتە
مەن يۈەننىڭ جەسىتىنى پارچىـ-
لاپ، ئۈچ خالتىغا قاچىلاپ، قول
ھارۋىسى بىلەن كۆمۈر كان قۇدۇ-
قىغا تاشلىۋەتتىم.

يۈەننىڭ جەسىتىنى بىر
تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېـ-
يىن، مەن جېڭ لىجۇگە قانداق
تاقابىل تۇرۇشنى ئويلىدىم.

نەنسەن كان رايونىغا 150
كىلومېتىر كېلىدىغان موـ-
سۇۋەن چۆللىكى. جېڭ لىجۇ
بىر نەرسىنى سەزدىمۇ - قانـ-
داق، ئىنتايىن قورقۇپ كەتـ-
كەنىدى. ئۇ ماڭا يالۋۇرۇپ:
«مېنى ئۆلتۈرمىسەڭ، چوقۇم
قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۇلۇڭـ-
نى قايتۇرۇپ بېرىمەن» دېدى.
بىراق بۇ چاغدا ماڭا پۇلنىڭ
نېمە كېرىكى. ئۇنىڭ ھەرـ-
قانداق گېپى مېنى تەسىرلەنـ-
دۈرەلمىدى. ئۇنىڭغا
قاراپ سوغۇققىنا
كۈلۈپ قويدۇمدە،



دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىـ-
نىپ ئۇنى ئارغامچا بىلەن
بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ، جەسىتىنى
كۆيدۈرۈپ كۆمۈۋەتتىم.

لياۋ شېڭنىڭ ئىقرارىغا
ئاساسەن، ساقچىلار موسۇۋەن
چۆللىكىدە جېڭ لىجۇ كۆـ-
مۈلگەن جاينى تاپتى، قانۇن
دوختۇرلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ
بېكىتىشى ۋە جېڭ لىجۇ ئاـ-
ئىلىسىدىكىلەرنىڭ ئىسپاتـ-
لىشىغا ئاساسەن، بۇ يەرگە
كۆمۈلگەن جەسەت دەل جېڭ
لىجۇ ئىكەنلىكى مۇئەييەنـ-
لەشتۈرۈلدى. بۇ 1999 - يىلى
4 - ئاي ئىدى.

يۈەن جىجۇڭنىڭ جەـ-
سىتىنى تېپىش ناھايىتى قىـ-
يىنغا توختىدى. جەسەت
تاشلانغان كان قۇدۇقىنى گاز
قاپلىۋالغانلىقتىن يېقىنلىـ-
شىشقا بولمىدى. تەكشۈرـ-
گۈچىلەر باشقا چارە تەدبىر
قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى

ئۇ تۇتقۇن قىلىش، يوشۇـ-
رۇش ۋە قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە
قاتناشقان باشقا جىنايەت گۇـ-
ماندارلىرىنى ئىقرار قىلغانـ-
دىن كېيىن، ساقچىلار شېنـ-
جېندا جىنايەت گۇماندارى جـ-
ياڭ × ×، زۇڭ × × لەرنى
قولغا چۈشۈردى.

## ئاچچىق ساۋاق

يېڭىشەھەر رايونلۇق ج
خ ئىدارىسى مۇھىم دېلولارنى
رازۋېدكا قىلىش ئەترىتىدىكى
كادىر ساقچىلارنىڭ جاپالىق
تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى
نەتىجىسىدە، 4 يىل داۋاملاشـ-
قان بۇ گۆرۈگە ئېلىش، ئادەم
ئۆلتۈرۈپ جەسەتنى يوقىتـ-
ۋېتىش دېلوسى ئاخىرى پاش
قىلىندى. بىراق، قەرز ماجىـ-
راسىدىن كېلىپ چىققان بۇ
پاجىئەلىك ۋەقە كىشىلەرنى
چوڭقۇر ئويغا سالدى.

لياۋ شياۋخۇا، لياۋ شېڭ ۋە
ئۇلارنىڭ ئۇرۇق تۇغقان، يار
بۇرادەرلىرىدىن 11 كىشى بۇ دېـ-
لوغا چېتىلىپ، قەرز ئىگىسىـ-
دىن جىنايەتچىگە ئايلاندى. لياۋ
شياۋخۇا گۆرۈگە ئېلىش پىلانىنى
تۈزگىنىدە بۇنداق ئاقىۋەتنىڭ
كېلىپ چىقىشنى خىيالىغىمۇ
كەلتۈرۈپ باقمىغان بولغىيتتى.
ئېھتىمال، ئېيتىشلارغا قارىغانـ-
دا، كىشىلەر ئۇنى مەلۇم تاغ ئاـ-
رىسىدىكى ئىبادەتخانىدا كۆرـ-
گەنمىش. ساقچىلار بۇ يىپ ئۇـ-
چىغا ئاساسەن بۇ ئىبادەتخانىـ-
نى تەكشۈرگەن بولسىمۇ نەـ-
تىجىسى بولمىدى.

مەزكۇر قەرز ماجىراسىدا زىـ-
يانكەشلىككە ئۇچرىغان يۈەن
جىجۇڭ، جېڭ لىجۇ ئەر
خوتۇنغا نىسبەتەن ئېيتقاندا،
ئەگەر ماجىرا يۈز بەرگەندە ئېـ-
غىر - بېسىق بولۇپ، ئويـ-
دان كېڭىشىپ، قانۇنىي
مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە
ئېلىپ ئىش كۆرگەن بولسا،
بۇ پاجىئەنىڭ ئالدىنى ئېلىش
تامامەن مۇمكىن ئىدى.

دەرۋەقە، يۈز بېرىشكە
تېگىشلىك بولمىغان پاجىئە
ئاخىر يۈز بەردى. ئۇنىڭ
بىزگە قالدۇرغىنى ئاچچىق
ساۋاق ۋە چوڭقۇر ئويلىنىشـ-
تىنلا ئىبارەت بولدى، خالاس.
سەمى (ت)

# پولاتقا كۆزى چۈشكەن ئېرىك



دۆلەت ماددىي ئەشيا زاپىسى ئىسكىلاتىدىكى ماددىي ئەشيالار خۇددى بانكىنىڭ خەزىنىسىدەك قاتتىق قوغدىلىدۇ. ئەمما، بىر قىسىم قاپىيۇرەك قارانىيەتلەر قارا قوللىرىنى بۇ خەزىنىگە سوزۇشقا ئۇرۇنغان. 1995 - يىل 7 - ئايدىن 9 - ئايغىچە دىڭ شياۋلىن ئىسىملىك بىر ئوتتۇرا ياش ئايال 2 پارچە قورۇق چەك بىلەن دۆلەت زاپىسى شىنجاڭ زاپاس ماددىي ئەشيالارنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 835 - ئورنىدىن 2 مىڭ توننىغا يېقىن پولات ماتېرىيالنى ناھايىتى ئاسانلا ئالداپ ئېلىپ كەتكەن. يېقىندا دىڭ شياۋلىن سوتقا تارتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ دېلو كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

1995 - يىل ئىيۇلنىڭ مەلۇم بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، سانتانا ماركىلىق قىزىل پىكاپ دۆلەت زاپىسى شىنجاڭ زاپاس ماددىي ئەشيالارنى باشقۇرۇش ئىدارىسى تىجارەت بۆلۈمىنىڭ ئالدىدا توختىدى. پىكاپتىن يانفون تۇتقان 40 نەچچە ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ئايال چۈشۈپ كەلدى. ئۇ ئۇدۇل تىجارەت بۆلۈمىگە كىرىپ كۆپ مىقداردا پولات ماتېرىيالى سېتىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇ چاغدا ئىدارىدا يۇقىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە دۆلەت زاپىسى «8 - نويابىر» مەخسۇس دېلوسىدىكى پولات ماتېرىياللىرىنىڭ سېتىلىش ئەھۋالى بىر تەرەپ قىلىنىۋاتقانىدى. خادىملار ناھايىتى ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى. تىجارەت بۆلۈمىنىڭ خادىمى سەي جيەنچېڭ قولىدىكى ئىشنى قويۇپ، سالاپەتلىك «پۇلدار» كۆرۈنگەن بۇ خانىمنى كۈتۈۋالدى.

دەرۋەقە، سۆھبەتتىن كېيىن، ئۇ دىڭ شياۋلىن ئىسىملىك بىر ئايالنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك خۇالىي سودا سانائەت شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى، «خۇاشياڭ لوڭگاڭ» رېستورانى ۋە بىناكارلىق شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئىگىسى، نەچچە يۈز مىليون يۈەن مەبلىغى بار، شىنجاڭدا نامى بار «ئايال كارخانىچى» ئىكەنلىكىنى بىلدى.

سەي جيەنچېڭ بۇنداق «ئامەتلىك ئايال كارخانىچى» بىلەن تونۇشۇپ قېلىشنى ياخشى پۇرسەت دەپ بىلىپ ئۇنىڭغا ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلە قىلدى. كېيىنكى بىر قانچە كۈندە دىڭ شياۋلىن ئۆزى-

نىڭ ئالاھىدە ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ ناھايىتى تېزلا ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. دىڭ پولات ماتېرىياللىرىنى ئەرزان بېرىشنى دېگەندە، ئۇ ماقۇل دېدى، دىڭ ئاندىن مالنى ئالغاندىن كېيىن پۇل تاپشۇرىمەن دېگەندە، ئىدارىنىڭ مالىيە تۈزۈمىنى ئۇنتۇپ ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل دەۋەتتى.

دىڭ 1995 - يىلى 12 - ئىيۇل، سەي جيەنچېڭغا تېلېفون بېرىپ، مالنى ئالغىلى ئادەم بارىدۇ، مەن ھازىر ئۈرۈمچىدە بولمىغاچقا ئۆزۈم بارالمايمەن، ئامالسىز ئورنۇمغا ئىش بېجىرگۈچىنى بىر پارچە ئاق چەك بىلەن ئەۋەتەي، ئۇ چەكنى رەڭگە قويۇپ ئاۋۋال نەچچە ماشىنا مال ئېلىپ تۇرسۇن، كېيىن مەن بېرىپ ھېسابات قىلىمەن، دەيدۇ. سەي جيەنچېڭ ئالدىن دېيىشىپ قويغاچقا ماقۇل دەيدۇ. شۇ كۈنى چۈشتە، بىر نەچچە يۈك ئاپتوموبىلى 835 - ئورۇننىڭ تىجارەت بۆلۈمىگە كېلىدۇ. سەي جيەنچېڭ ئاق چەكنى ئېلىپ ئىدارە مالىيە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى داۋېينىڭ ئالدىغا مال ئالغىلى كىرىدۇ. لى داۋېي سەي نىڭ كېپىل بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى بولغاچقا، مال پۇلى تاپشۇرۇلمىغان ئەھۋال ئاستىدا مال چىقىرىش تالونىغا تامغا بېسىپ مال چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1 تۆركۈم دۆلەت زاپىسىدىكى پولات ماتېرىيالى ناھايىتى ئاسانلا ئىسكىلاتتىن ئېلىپ كېتىلىدۇ.

شۇ چاغدا سەي جيەنچېڭ بىر كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ساي يولىدا دىڭ نىڭ پولات ماتېرىيالى بېسىلغان ئاپتوموبىلنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئەسلىدە دىڭ 835 - ئورۇننىڭ مال ئېلىش يولىنى ئېچىپ قويغاندىن كېيىن دەرھال جەنۇبىي شىنجاڭدىن مال ئالىدىغان خېرىدار ئۇقتۇشقان. تونىنىسىنى 2300 يۈەنلىك تۆۋەن باھادا (شۇ چاغدا پولات ماتېرىيالىنىڭ تونىنىسى 2800 يۈەن بولۇۋاتاتتى) ساتىدىغان، نەق پۇل تاپشۇرىدىغان بولۇپ سۆزلەشكەنىدى. ئەينى چاغدا پولات ماتېرىيالى قىس بولغاچقا يەككە تىجارەتچى خوجايىنلار ۋە بىناكارلىق سودىگەرلىرى مەخپىي نومۇرلۇق چامادانلىرىغا نەق پۇللىرىنى سېلىشىپ، ئاپتوموبىللىرىنى قۇيۇندەك چاپتۇرۇپ «دىڭ خوجايىن» بىلەن كۆرۈشكىلى ئۈرۈمچىگە كېلىشتى، دىڭ ئۇلارنىڭ ئاپتوموبىللىرىنى باشلاپ 835 - ئورۇندىكى تىجارەت بۆلۈمىگە بارىدىغان ساي يولىدا «نەق مەيدان سودىسى»نى بېجىردى. پولات ماتېرىياللىرى ماشىنىلاپ 835 - ئورۇننىڭ تىجارەت بۆلۈمىدىن ئېلىپ چىقىلىۋاتقاندا، دىڭ تاشيولدا باغلام - باغلام پۇللارنى قويىنىغا سېلىۋاتاتتى.



شۇنداق قىلىپ، 12 - ئىيۇلدىن 16 - ئاۋغۇستقىچە دىڭ شياۋلىن سەي جيەنچېڭغا رەڭگە قويغان قۇرۇق چەك بىلەن 835 - ئورۇندىكى دۆلەت زاپىسى ئىسكىلاتىدىن 3 مىليون 400 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 1000 توننىدىن ئارتۇق پولات ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ كەتتى.

مىڭ توننىدىن ئارتۇق پولات ماتېرىيالى ئارقا ئارقىدىن ئېلىپ كېتىلىپ مالىيىگە بىر تىيىنمۇ پۇل كىرمىگەچكە، سەي جيەنچېڭنى ئەندىشە باستى. ئەمما، دىڭ ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇۋالغاچقا 16 ئاۋغۇستتىن كېيىن، ئۇنىڭغا يەمچۈك بېرىپ پولات ماتېرىيالى ساتقان پۇلىدىن 900 مىڭ يۈەن بەرگەنىدى. بۇنىڭ بىلەن سەي جيەنچېڭدا «دىڭ خوجايىن»نىڭ پۇل تۆلىيەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەش خاھىشى يوقالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ 1995 - يىل 17 - ئاۋغۇستتىن 2 - سېنتەبىرگىچە ئىلگىرىكى ھۈنىرىنى ئىشقا قايتا سېلىپ قۇرۇق چەكتىن يەنە بىرنى رەڭگە قويۇپ، 2 مىليون يۈەن قىممىتىدىكى 900 توننا پولات ماتېرىيالىنى ئالداپ ئېلىپ كەتتى.

ئىدارە سەي جيەنچېڭنى ھېساباتنى قىلىۋەتكىن دەپ كۆپ قېتىم سۈيلەيدۇ. ئۇ دىڭ بەرگەن 2 پارچە چەكنى مالىيە ئىشخانىسىغا تاپشۇرىدۇ. ئويلىمىغان يەردىن ئۇ قۇرۇق چەك بولۇپ چىقىدۇ. شۇندىن كېيىن سەي جيەنچېڭ دىڭ شياۋلىندىن پۇلنى سۈيلەيدۇ. دىڭ ھەر قېتىم «مانا ھازىر تاپشۇراي» دەپ ۋەدە بېرىدۇ. «مانا ھازىر» دېگەن بىلەن سەي جيەنچېڭ بۇ پۇلنى ئالماقنىڭ تەسكە چۈشىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

دىڭ شياۋلىنچۇ؟ بۇ چاغدا ئۇ 835 - ئورۇندىن ئالغان پولات ماتېرىيالىنى سېتىپ ئېرىشكەن نەچچە مىليون يۈەن پۇلنى ھە دەپ بۇزۇپ چاچماقتا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھېلىگەر دىڭ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ قانۇن ئورۇنلىرىدىكى ئەمەلدارلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، كېيىنكى ئىشلىرى ئۈچۈن يول ئېچىپ قويىدۇ.

سەي جيەنچېڭ، لى داۋېي قاتارلىقلار دىڭ دىن مال پۇلىنى ئالالماي ئەنسىرەپ يۈرۈۋاتقاندا، شىنجاڭ ماددىي ئەشيالار زاپىسى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى 835 - ئورۇنغا خىزمەت تەكشۈرگىلى كېلىدۇ. ئىدارە باشلىقى باشقارمىنىڭ تىجارەت بۆلۈمىدىن سېتىلغان پولات ماتېرىيالىنىڭ مىقدارى تاپشۇرۇۋېلىنغان مال پۇلىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى بايقايدۇ. ئىدارە باشلىقى دەرھال ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنى بۇيرۇيدۇ. سەي جيەنچېڭ، لى داۋېيلارغا تېگىشلىك چارە كۆرىدۇ ھەمدە قەرز يىغىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ

پۈتۈن ئامالنى قىلىپ دىڭ دىن پۇلنى قايتۇرۇۋېلىشقا
كىرىشىدۇ.
دەرۋەقە، قەرز يىغماق ئاسانغا توختىمايدۇ، ئەل-
ۋەتتە.

1995 ـ يىل 5 ـ ئۆكتەبىر، قەرز يىغىش گۇ-
رۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى ماتارىپ ئىنىستىتۇتىنىڭ بې-
نىدىكى «خۇالبي سودا ـسانائەت شىركىتى» گە كې-
لىپ دىڭ بىلەن كۆرۈشىدۇ. دىڭ ئۆزىنى پۇلدار قى-
ياپەتتە تۇتۇپ 1 مىليون 800 مىڭ يۈەنلىك 2 پارچە
مېمورىئال چەككە ئىمزا قويۇپ ئۇلارغا بېرىدۇ
ھەمدە قالغىنىنى نەچچە كۈندىن كېيىن تولۇقلاپ
قايتۇراي دەيدۇ. قەرز يىغىش گۇرۇپپىسى تۇنجى
كۈنىلا ئوڭۇشلۇق بولدى دەپ خۇشال بولۇپ
چەكنى بانكىغا ئاپىرىدۇ، ئەمما بۇمۇ قۇرۇق
چەك بولۇپ چىقىدۇ.

قەرز يىغىش گۇرۇپپىسى دىڭ نى ئىزدەپ قايتا
بارغاندا، ئۇ چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەستىن، پۇل
ئىككى كۈندىن كېيىن ھېساباتقا كىرىدۇ، دەيدۇ.
نەچچە كۈندىن كېيىن دىڭ يەنە ئىككى پارچە چەك
كېسىپ ئىمزا قويۇپ بېرىدۇ. بانكىغا ئېلىپ بې-
رىلغاندا بۇمۇ قۇرۇق قەغەز بولۇپ چىقىدۇ. دىڭ ھەر
قېتىمدا مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئۇلارنى ئالدايدۇ. بۇ ئا-
رىلىقتا دىڭ ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ ئۈرۈمچى ناھىيە-
سىدىكى مەلۇم بانكىنىڭ باشلىقى بىلەن «كېلىشى-
ۋېلىپ»، ئۇنىڭغا دىڭ شياۋلىنىڭ بانكىدا خېلى
كۆپ پۇلى بار دەپ بالغان ئىسپات تەييارلايدۇ. شۇنىڭ
بىلەن ۋاقىت ئۇزارتىلىدۇ. ئۇلار دىڭ نىڭ مال پۇلى-
نىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىدۇ. بىر يىل
ئۆتۈپ كېتىپمۇ دىڭ نىڭ بۇ بانكىدىن بىر تىيىن پۇل
ئالغانلىقى سېزىلمەيدۇ. دىڭ داۋاملىق چەك ئويۇنى
ئويناپ، تا 1995 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 11 ـ
ئاينىڭ 17 ـ كۈنىگىچە ئۇلارغا 7 پارچە قۇرۇق چەك
كېسىپ بېرىدۇ.

قەرز يىغىش گۇرۇپپىسى ئۇنىڭ قۇرۇق چەك
كېسىشتەك مايمۇن ئويۇنىدىن جاق تويۇپ، ج خ
ئىدارىسىگە دېلو مەلۇم قىلىدۇ.

ج خ ئورۇنلىرى دېلو تۇرغۇزۇپ رازۋېدكا قىلىپ
دىڭ شياۋلىننى دەرھال مال پۇلىنى قايتۇرۇشقا دەۋەت
قىلىدۇ. دىڭ ج خ ئورۇنلىرىنىمۇ بىر دانە قۇرۇق چەك
بىلەن ئالدايدۇ. ساقچىلار بېسىم ئىشلەتكەندىلا
ئاۋۋال 310 مىڭ يۈەننى قايتۇرىدۇ. بۇ جەرياندا ج خ
ئورۇنلىرى دىڭ شياۋلىن ئىسىملىك بۇ «قابىل ئا-
يال» نىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلايدۇ.
دىڭ شياۋلىن 1979 ـ يىلى خېنەندىن شىنجاڭغا
ئېقىپ كەلگەن ئىشسىز بولۇپ، 1982 ـ يىلىدىن
باشلاپ ئالدامچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن.
شۇ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونلۇق خەلق
سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن 4 يىللىق مۇددەتلىك
قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. جازا مۇددىتى تو-
شۇپ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇ كونا كەسپىنى
قىلىپ ھەممە يەردە ئالدامچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.
تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ ھۆكۈمەت ۋە
شەخسلەرنىڭ مال مۈلكى، نەق پۇلى بولۇپ جەمئىي
نەچچە ئون مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇلىنى ئالداپ
ئېلىۋالغان.

كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، دىڭ
ئۆزىگە ئالدىن مۇداپىئە تورى شەكىللەندۈرگەچكە،
قانۇنىي جازاغا ئاللىبۇرۇن تارتىلىشقا تېگىشلىك بۇ
ئالدامچى خوتۇن كۆپ قېتىم قانۇن تورىدىن چۈشۈپ
قۇتۇلۇپ قالغان.

ھەقىقەت ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ دېگەندەك، بۇ
دېلو ئاھايىتى ئېزىلا ئالاقىدار تارماقلارنىڭ دىققىتىنى
تارتىدۇ. 1997 ـ يىلى 18 ـ ۋيابىر، ج خ مىنىستىر-
لىقى بۇ دېلونى تېپىش قىلىپ بېجىرىلىدىغان دېلو
قاتارىغا كىرگۈزىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق ئىنىستىتىزام
تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى بۇ
دېلونى ئېزدىن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش توغرى-
سىدا يوليورۇق بېرىدۇ. ج خ نازارىتى بۇ دېلونى ئېز-
دىن تەكشۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. ئۈ-
رۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار
رازۋېدكا تارماق ئەترىتى 5 ـ چوڭ ئەترەت بۇ دېلونى
پۈتۈن كۈچى بىلەن تەكشۈرۈپ بېجىرىدۇ.

جىنايى ئىشلار تارماق ئەترىتى 5 ـ چوڭ ئەت-
رىتىدىكى ساقچىلار جاپالىق رازۋېدكا قىلىپ دىڭ
شياۋلىننىڭ دۆلەت خەزىنىسىدىن پولات ماتېرىيال-
لارنى ئالداپ ئېلىپ كەتكەنلىك دېلوسىنىڭ بارلىق
دەلىل ئىسپاتىنى ئېنىقلايدۇ ھەمدە 1998 ـ يىل 3
ـ ئاينىڭ ئاخىرى دىڭ شياۋلىننى قولغا ئېلىپ،
ئىسپات تولۇق، پاكىت ئېنىق بولغان ئەھۋال ئاستىدا
ئۇنى سوتقا ئېلىپ چىقىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھ-
كىمىسى بۇ دېلونى قانۇن بويىچە قاراپ چىقىپ، 1 ـ
سوتنىڭ ھۆكۈمىدە ئۇنىڭغا «چەك ، ھۆججەت ئار-
قىلىق ئالدامچىلىق قىلغان جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلۈم
جازاسى بېرىپ سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت
مەھرۇم قىلىش» جازاسى بەردى. شۇنىڭ
بىلەن بىرگە 3 مىليون 840 مىڭ يۈەن زاڭ
پۇل قايتۇرۇۋېلىندى.

ھامۇتجان ھېكىم (ت)













مەملىكەتلىك ئەدلىيە مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەدەنىي قانۇن مۇلازىمەت ئورنى دەپ نام بېرىلگەن ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونلۇق ئەدلىيە ئىدارىسىگە قاراشلىق «ئۇلانباي» قانۇن

## ئۇلانباي قانۇن ...
## ئۆتكەن يىللىق ...
## ياخشى ...

مۇلازىمىتى ئورنى ئۆتكەن يىل تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ياخشى ئورۇندىدى.

«ئۇلانباي» قانۇن مۇلازىمىتى ئورنى ھازىرغا قەدەر ۋاكالەتەن بىر تەرەپ قىلغان ھەق تەلەپ، غەيرى دەۋا دېلولىرى جەمئىي 256 گە، قانۇن ياردىمى 18 گە يەتكەن بولۇپ، 12 ئورۇننىڭ قانۇن مەسلىھەتچىلىكى خىزمىتىنى ئۈستىگە ئې-

## پىچان ناھىيىسىدە مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى

پىچان ناھىيىسى ئۆتكەن يىلى مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇشقا بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

ئۆتكەن يىلى پىچان ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ۋە نازارەتچىلىكنى كۈچەيتتى. ناھىيىلىك مەدەنىيەت تەربىيە ئىدارىسى، ج خ ئىدارىسى، سودا سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، «سەھۋلىك بۇيۇملارنى تازىلاش»، «قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىغا زەربە بېرىش» گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، پائال تەكشۈرۈپ زەربە بېرىش سالمىقىنى ئاشۇردى. نەتىجىدە بۇ ناھىيە ئۆتكەن بىر يىلدا مەزمۇنى ساغلام بولمىغان ھەم قوبۇل ئىجازەتنامىسى بولمىغان 1851 دانە VCD پىلاستىنكىسى ۋە سېرىق مەزمۇنلۇق 22 دانە سىنئالغۇ لېنتىسى ھەمدە شەھۋانىيلىق تەرغىب قىلىنغان ۋە نەشر ھوقۇقى ئوغرىلىنىپ كۆچۈرۈلگەن 660 پارچە كىتاب ژۇرنالنى قانۇن بويىچە يىغىۋېلىپ، سېرىق مەزمۇنلۇق ساغلام بولمىغان مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنىڭ بازارغا كىرىشىنى قەتئىي چەكلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «3 گۇۋاھنامە»سى تولۇق بولمىغان 3 كۆڭۈل ئېچىش سورۇنىنىڭ تىجارىتىنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىپ، مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى يېڭىدىن كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

كېرەم روزى

## قوي ئوغرىلاش دېلوسى پاش قىلىندى

چىرا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتى قوي ئوغرىلاش دېلوسىدىن بىرنى پاش قىلدى.

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان چىرا ناھىيىسىنىڭ نورى، بوستان يېزىلىرىنىڭ تاياكغول، كۆكتاي يايلاقلىرىدا ئارقىمۇ ئارقا قوي ئوغرىلاش دېلوسى يۈز بېرىپ، دېھقان چارۋىچىلارنىڭ مال مۈلكى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىغانىدى. ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتى پىششىق، قابىل رازۋېدكىچىلارنى دېلونى تېزلىكتە پاش قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. رازۋېدكىچىلار تاغ رايونىدا 20 كۈن جاپالىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق 80 تۇياق قوي ئوغرىلاپ 20 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىقتىسادىي زىيان سالغان 2 نەپەر جىنايەت گۇماندارىنى قولغا چۈشۈردى.

روزىتوختى مەتيۈسۈپ



ئاقسۇ ئامارال يېزىسى خەلق ئەسكەرلىرى قوشۇن قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. يېزا ئۇرگىنىدىكى جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش شۆبە ئەترىتىدىكى 20 نەپەر خەلق ئەسكىرى يېزىلىق ساقچىخانا، خەلق سوتى، ئەدلىيە ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا ماسلىشىپ ئامانلىق دېلوسىدىن 12 نى، ھەق تەلەپ دېلوسىدىن 6 نى، جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 2 نى بىرتەرەپ قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن ئىلغار ئورۇن، بىخەتەر، مەدەنىي كىچىك رايون، دېگەن شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشتى.

سۈرەتتە: خەلق ئەسكەرلىرى ھەربىي مەشىق ئېلىپ بارماقتا.

ئابلىكىم ئابلىز

نۇرئەخمەت





















گاۋ ياۋفېڭ

1

1999 - يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى بىيجىڭ ۋاقتى كەچ سائەت 12 ئەتراپىدا، لەنجۇ شەرق قىزاردى مەيدانىنىڭ شەرقىدىن 200 مېتىرمۇ كەلمەيدىغان دوڭگاك غەربىي يولىدا ئۆلكىلىك مەلۇم نازارەتنىڭ كادىرى ما شىنخۇا ئۆيىگە كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئەمدىلا دوڭگاك غەربىي يول ئېغىزىدىكى بەش خىل مېتال ماگىزىنىنىڭ ئالدىغا كېلىشىگە، گۇگۇم قاراڭغۇلۇقىدا تۇيۇقسىز ئىككى كۆلەڭگە پەيدا بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىنى توستى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرەيلەن پىچىقىنى چىقىرىپ ماشىنخۇانىڭ مەيدىسىگە تىرەپ، ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان قوپال بىر خىل ئورتاق تىل تەلەپپۇزىدا:

- سومكىنى بېرەمسەن - يوق؟ - دەپ كاللا بىلەن ماشىنخۇانىڭ قاڭشىرىغا كېلىشتۇرۇپ بىرنى ئۇستى. ماشىنخۇا ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغىچە كۈچ بىلەن كۆكرىكىگە پىچاق ئۇرۇپ ئۇنىڭ قولىدىن كىچىك سومكىنى بۇلاپ شەرق تەرەپكە قاچتى. ماشىنخۇا قان ئىچىدە ھوشىدىن كەتتى.



يولدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغان بىرەيلەن مەيدانىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى «110» غا دېلو مەلۇم قىلدى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بىر قانچە ساقچى نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ، 120 - ۋمۇرلۇق جىددىي قۇتقۇزۇش مەركىزىگە تېلېفون بەردى. جىددىي قۇتقۇزۇش مەركىزىدىكىلەرمۇ ھەش پەش دېگۈچە نەق مەيدانغا ھازىر بولۇپ بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدىلا زەخمىلەنگۈچىنى ئۆلكىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا يەتكۈزۈپ كەلدى.

2

8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، سەھەر سائەت 2 دىن 10 مىنۇت ئۆتكەندە لەنجۇ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى چىڭگۇەن ج خ شۆبە ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا 1 - ئەترىتى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى قوماندانلىق مەركىزىنىڭ: «سىلەرنىڭ تەۋەلىكىڭلاردىكى رايوننىڭ شەرق قىزاردى مەيدانىنىڭ شەرقىي ئېغىزىدىكى، بەش خىل مېتال ماگىزىنىنىڭ ئالدىدا يۈز بەرگەن بۇلاڭچىلىق دېلوسىدا، ماشىنخۇا ئېغىر يارىلىنىپ، 120 - نومۇرلۇق جىددىي قۇتقۇزۇش مەركىزى تەرىپىدىن ئۆلكىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە يەتكۈزۈپ كېلىندى. جىنايەت گۇماندارى يانفون، چاقىرغۇ، ھۆججەت، خەلق پۇلى قاتارلىق نەرسىلەرنى بۇلاپ كەتكەن چاقماق تېزلىكىدە نەق مەيداننى تەكشۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتىڭلار» دېگەن. تېلېفوننى تاپشۇرۇپ ئالدى.

نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان ساقچىلاردىن جىڭ دىشاڭ، لى ۋېي ۋە جاڭ چۈن قاتارلىق يولداشلار ماشىنا بىلەن نەق مەيدانغا ئۇچقاندەك ئاتلاندى، ئۇلار ئالدى بىلەن شەرق قىزاردى مەيدانىنىڭ شەرقىي ئېغىزىدىكى «110» چارلىغۇچى ساقچىلىرىدىن ئەھۋال ئىگىلىدى، ساقچىلار ئۇلارنى نەق مەيدانغا باشلاپ ئاپارغان بولسىمۇ، ئەمما نەق مەيداندا پەقەت قان ئىزلىرىلا قالغانىدى.

ئۇلار دەرھال ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈندى، بىر گۇرۇپپىدىكىلەر بەش خىل مېتال ماگىزىنىدىكى نۆۋەتچىلەردىن ئەھۋال ئىگىلىدى. يەنە بىر گۇرۇپپىدىكىلەر دوختۇرخانىغا بېرىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىدىن ئەھۋال ئىگىلىدى.

ساقچىلار دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلگەندە، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ماشىنىخۇا ھوشىنى يوقاتقانىدى، دوختۇرلار، سېستىرالار جىددىي قۇتقۇزۇۋاتاتتى.

دوختۇرلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئىنىسىگە تېلېفوندا خەۋەر قىلدى.

10 مىنۇت ئىچىدە ماشىنىخۇانىڭ ئىنىسى خىزمەتداشلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى.

ماشىنىچى ئاكىسىنىڭ ۋەقەگە يولۇققۇش ئەھۋالىنى ۋە شۇكۈنى كەچتىكى ئەھۋاللاردىن ھېچنېمىنى چۈشەنمىدى. ماشىنىخۇانىڭ شوپۇرى شاۋفىڭ:

– تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن مۇدىر ماشىنىخۇا ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتتى، مەن ئۇنى خېلى ساقلىدىم، كەچ سائەت 8 بولغاندا ئۇ مېنى سەن ئاۋۋال كېتىۋەرگىن، دېدى. مەن ماڭغاندا ئۇ ئىشخانىسىدا جاڭ ۋېنسىن ئىسىملىك گۈل – بىياھ شىركىتىنىڭ دىرېكتورى بىلەن سۆھبەتلىشىپ قالغان، دەپ جاڭ ۋېنسىننىڭ ماشىنىسىنىڭ نومۇرىنى ئېيتىپ بەردى.

3

گەنسۇ ئۆلكىلىك ج خ نازارىتىنىڭ باشلىقى ۋېي جىڭجۇڭ ماشىنىخۇانىڭ شەھەر مەركىزىدىكى ئاۋات جايدا بۇلاڭچىلىققا ئۇچرىغانلىق ئەھۋالىنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپكە كەلدى: جىنايەتچى ئۇنسۇرلار شەھەر مەركىزىدىكى ئاۋات ئورۇندا بۇلاڭچىلىق قىلىپ، يۈرىكى قاپتەك بولۇپ كېتىپتۇ، مۇشۇنداق كېتىۋەرسە خەلقنىڭ ھايات ماماتى ۋە مال مۈلكىگە قانداق كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ؟ چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەت قىلىپ، خىزمەتنى ئەستايىدىل تۇتۇش بىلەن داڭ چىقارغان ج خ نازارىتىنىڭ باشلىقى ئەھۋالنى تەپسىلىي ئىگىلەپ، ج خ نازارىتى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا باشقارمىسىنىڭ بۇ دېلونى پاش قىلىشقا قاتنىشىپ، ھەرۋاقىت ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

چىڭگۇەن ج خ شۆبە ئىدارىسىدىكى ساقچىلارنىڭ ئۆلكىلىك ج خ نازارىتى ھەمدە شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ بۇ دېلوغا بىۋاسىتە قول سېلىپ پاش قىلىشقا قاتنىشىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىشەنچىسى ۋە ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچەيدى. 8 – ئاينىڭ 10 – كۈنى شۆبە ئىدارە رازۋېدكىچىلارنى جاڭ ۋېنسىننى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىنىشىچە، جاڭ ۋېنسىن بىلەن ماشىنىخۇا شۇكۈنى كەچتە سۆھبەتنى تۈگىتىپ، شوپۇر شاۋفىڭ كېتىپ 20 مىنۇت ئۆتمەي ئىشخانىدىن چىقىپ، كوچىدا بىر ۋاق تاماق يەپ ئايرىلغان، دىرېكتور مېھمانخانىغا كەتكەن، ماشىنىخۇا تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە ماڭغان. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرگەندە جاڭ ۋېنسىننىڭ ئېيتقانلىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن چىققان، شۇنىڭ بىلەن جاڭ ۋېنسىن گۇمانلىق كىشىلەر قاتارىدىن چىقىرۋېتىلگەن.

ئەمدى پەقەت بۇلاپ كېتىلگەن يانفون بىلەن چاقىرغۇ ئۈستىدە ئامال ئىزدەشلا قالغانىدى.

8 – ئاينىڭ 10 – كۈنى، سائەت 19 دىن 43 مىنۇت ئۆتكەندە جىنايى ئىشلار 1 – ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مىن خاۋخۇڭ ماشىنىخۇانىڭ ئىنىسىگە يانفون ئارقىلىق بۇلاپ كېتىلگەن چاقىرغۇغا تېلېفون بەرگۈزدى.

چاقىرغۇغا تېلېفون بەرگەندىن كېيىن، كۆپچىلىك بىرەر مۆجىزە يۈز بېرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس دەپ تەقەززالىق بىلەن تېلېفون كۈتتى. ئامما تۇرۇپ جىنايەتچى ھەر قانچە قاپ يۈرەك بولغان تەقدىردىمۇ قەستەن چاقىرغۇنىڭ ئىگىسى بىلەن چاقچاق قىلماس دەپ ئويلىدى، يەنە بىر خىل ئېھتىماللىق، مۇشۇيول ئارقىلىق جىنايەتچىنىڭ بىرمۇنچە پۇلغا ئىگە بولۇشنى ئويلايدىغانلىقىنى يوق دېگىلى بولمايتتى. بۇ ئادەتتە تۇتقۇن قىلىنغان دېلولاردا كۆپ ئۇچرايدۇ، ئەمما بۇلاڭچىلىق دېلولىرىدا ئۇچراش مۇمكىنمۇ؟

تويۇقسىز يانفون سايرىدى، كۆپچىلىك دۈررىدە ئەتراپقا ئولاشتى.

بىر سائەت، ئىككى سائەت ... خېلىلا ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. يەنىلا ھېچقانداق ئۇچۇر يوق، ھەربىر رازۋېدكىچىنى ئۈمىدسىزلىك چۇلغىدى.

تويۇقسىز يانفون يەنە سايرىدى، كۆپچىلىك يەنە دۈررىدە يانفوننىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.

– ۋەي، مېنىڭ چاقىرغۇمغا تېلېفون بەرگەن كىم؟ –دېدى بىرى قوپال ئورتاق تىل تەلەپپۇزىدا.

– لەنجۇ.

تاراقىدە قىلىپ تېلېفون تۇرۇبكىسىنى قويىۋەتتى.

مانا شۇنىڭ بىلەن تېلېفون ئۈزۈلۈپ قالدى.

ئەمما كۆپچىلىك خېلىلا ئۈمىدلەندى، چۈنكى يانفوندا: 0999 8325717، دېگەن رەقەملەر ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

رازۋېدكىچىلار قايتىدىن جانلىنىپ كەتتى. تېلېفون دەپتەرنى ئاختۇرۇپلا «0999» دېگەن نومۇرنىڭ شىنجاڭنىڭ رايون نومۇرى ئىكەنلىكىنى تاپتى. مىن خاۋ خۇڭ دەرھال ئۆلكىلىك ج خ نا.



زلۇرىتى چوڭ، مۇھىم دېلولارنى تەكشۈرۈش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ جيانگنىڭ چاقىرغۇسىغا تېلېفون بەردى. جاجيانگمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدا سەكرەپ كەتتى. ئۇ دەرھال ئۆز ئۆيىدىن ش ئۇ ئا ر ج خ نازارىتى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا باش ئەترىتى ھەمكارلىشىش باشقارمىسىغا تېلېفون بېرىپ، ئالاقىدار ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلىپ، يۇقىرىدىكى تېلېفون نومۇرىنى ۋە دېلوغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

ش ئۇ ئا ر ج خ نازارىتى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا باش ئەترىتىدە نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان يولداش بۇ نومۇرنىڭ ئىلى ۋىلايىتىنىڭ رايون نومۇرى ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، دەرھال غۇلجا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا تارماق ئەترىتىگە تېلېفون بېرىپ، يۇقىرىدىكى تېلېفون نومۇرىنى دەرھال تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقىپ، تەكشۈرۈش ئەھۋالى ۋە ئالاقىدار ئەھۋاللار توغرىسىدا گەنسۇ ئۆلكىسى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشىشنى تاپىلىدى.

شىنجاڭدىكى رازۋېدكىچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆز ۋەزىپىسىگە سادىق، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ئاغىنىلەردىن ئىدى. 4 سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە يەنى ئىككىنچى كۈنى سەھەر سائەت 3 دە كەلگەن تېلېفون ئۇخلاپ ياتقان جاڭ جيانگنىڭنى ئويغىتىۋەتتى. ئۇ تىزرۇپكىنى قولىغا ئېلىپ، تېلېفون بەرگۈچىنىڭ شىنجاڭ غۇلجا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا تارماق ئەترىتى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دەرھال ئۇيقۇسىنى ئېچىپ، چەكسىز ھاياجانلىنىپ كەتتى. غۇلجا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا تارماق ئەترىتى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ تېلېفون نومۇرىنىڭ غۇلجا شەھىرىدىكى بىر ئۇيغۇر كىشىنىڭ ئۆيىنىڭ تېلېفون نومۇرى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى. ئۇلار، بۇ ئۇيغۇر كىشىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى كېچىلەپ تەكشۈرۈپ، تەپسىلىي ئەھۋالنى مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن ئاندىن خەۋەر قىلماقچى بولۇشتى. جاڭ جانىڭ چەكسىز ھاياجان ئىلكىدە ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ناتونۇش پىداكار سەپداشلىرىغا بارىكاللا ئېيتتى.

جىنايى ئىشلار رازۋېدكا باشقارمىسى تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى نازارەت رەھبەرلىرىگە دوكلات قىلدى. نازارەت رەھبەرلىرى: «شىنجاڭدىكى ساقچىلار بىلەن ئالاقىنى كۈچەيتىپ، چوقۇم تېلېفون بەرگۈچىنى تورغا چۈشۈرۈڭلار» دەپ تەستىق سالدى.

4

8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، كەچنە بۇلاپ كېتىلگەن چاقىرغۇغا سىناپ تېلېفون بەرگەندىن كېيىن، 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ساقچىلار بۇلاڭچىلارنىڭ يانفونىغا (بۇلاڭچىلار بۇلاپ كەتكەن يانفون) تەشەببۇسكارلىق بىلەن تېلېفون بېرىپ:

ـ ۋەي، سەن كىم؟ ـ دېدى.

ماشىنىخۇلنىڭ ئىنىسى رازۋېدكىچىلارنىڭ تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە: «سەن كىم» دېگەندى.

قارشى تەرەپ گېلىنى قىرىپ قويۇپ:

ـ سېنىڭ يانفونۇڭ بىلەن چاقىرغۇڭ مەندە، ساڭا لازىممۇ لازىم ئەمەسمۇ؟

ـ لازىم، ئەلۋەتتە لازىم، سەن قەيەردە؟

ـ مەن ئۈرۈمچىدە، 8000 يۈەن پۇل ئېلىپ كېلىپ بۇ نەرسىلىرىڭنى ئېلىپ كەت.

ـ مەن يانفون بىلەن چاقىرغۇنى چەت ئەلدىن ئەكەلدۈرگەن، باھاسى بەك قىممەت، قايتۇرۇۋالمىسام بولمايدۇ، ماڭا پىچاق تەڭلىۋەتكەن بولساڭمۇ ھېچنېمە بولمىدىم، دوختۇرخانىدىمۇ ياتمىدىم، ساقچىغىمۇ مەلۇم قىلمىدىم، ئەمما سەن دېگەن پۇل بەك كۆپ بولۇپ كەتتى، ئەرزانراق دېمەمسەن.

تەھلىل قىلىپ كۆرگەندە، بۇ شىنجاڭ تەلەپپۇزى ئىدى. تەشەببۇسكارلىق بىلەن تېلېفون بەرگىنىگە قارىغاندا بۇ بۇلاڭچى ئىنتايىن ئاچكۆز كۆرۈنەتتى. پەقەت قارماقنى يەم بىلەن تاشلىغاندىلا ئۇنى ئىلىۋالغىلى بولاتتى.

كۆپچىلىك ئەمدى كېيىنكى قەدەمنى قانداق ئېلىش لايىھىسى ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقاندا، چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 دە بۇ ئەبلەختىن يەنە تېلېفون كەلدى.

ـ سەن زادى ئالامسەن ئالمامسەن؟

ـ ئالىمەن.

ـ ئۇنداق بولسا تېزرەك كېلىپ ئېلىپ كەت.

ـ باھاسىنى ئازراق چۈشۈرۈپ بېرەمسەن، سېنىڭ دېگىنىڭ بەك يۇقىرى بولۇپ . ئۇنىڭ ئۈستىگە سېنىڭ يېنىڭغا ئايروپىلان بىلەن بېرىپ كېلىشتىمۇ خېلى پۇل كېتىدۇ. ئۇنداق جىق پۇلنىڭ گېپىنى قىلساڭ، ئۇنىڭدىن كۆرە ئالمىغىنىم تۈزۈك.

ـ ئۇنداق بولسا 7000 يۈەن.

ـ بەك قىممەت بولۇپ كەتتى.

ـ6000 يۈەن بولسۇن.

ـ ۋاي، يەنە قىممەت.

ـ ئەمدى چۈشۈرەلمەيمەن.

ـ ۋنداق بولسا ئويلىشىپ كۆرەي، مەن پۇلنى ساڭا نەگە يەتكۈزۈپ بېرىمەن، سېنى قانداق تاپىمەن؟

ـ سەن ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، مېنىڭ مۇشۇ يانفونۇمغا تېلېفون بەرسەڭ، ئاندىن ساڭا ئېيتىپ بېرىمەن.

ـ مەن ساڭا پۇلنى يەتكۈزۈپ بەرگەندە مېنىڭ ئامانلىقىمغا كاپالەتلىك قىلالامسەن؟

ـ چاتاق يوق.

8 ـ ئاينىڭ 11 ـ ۋنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە، قارشى



FAZHIZONGHENG

تەرەپ ئىلگىرى كېيىن بولۇپ بەش ئالتە قېتىم تېلېفون بەردى.

مەن خاۋخوڭ ماشىنىچىغا: «ئالىمەن»، «بەك قىممەت تۇرىدۇ»، «بىزنىڭ ئامانلىقىمىزغا كاپالەتلىك قىل» ۋە «ئۈنى بۇيەردىن پۇل ئارىيەت ئېلىۋاتىمەن» دېگەننى باھانە قىلىپ كېيىنگە سۈرەپ تۇر، دەپ بۇيرۇق قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئاخىرى 5000 يۈەنگە پۈتۈشتى.

8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، چۈشتىن كېيىن، ئۆلكىلىك ج خ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ۋاڭ لۇۋېي باشچىلىقىدا جىنايى ئىشلار رازۋېدكا باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جاۋۋېيخەن، جاڭ جيانىڭ، جاڭ جۈن قاتارلىق يولداشلار، لەنجۇ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى زۇڭفىڭ، چېڭگۇەن ج خ شۆبە ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى، رازۋېدكىچىلار چېڭگۇەن ج خ شۆبە ئىدارىسىدە ئۆلكە، شەھەر، رايون ئۈچ دەرىجىلىكلەر قاتناشقان دېلو تەھلىل قىلىش يىغىنى ئاچتى.

يىغىندا ھەممەيلەن ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئەڭ ئاخىرىدا مۇئاۋىن نازىر كۆپچىلىكنىڭ پىكىرى بويىچە، ئۆلكىلىك ج خ نازارىتى بۆلۈم باشلىقى جاڭ جيانىڭ، رازۋېدكىچى جاڭ جۈن، لەنجۇ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ رازۋېدكىچىسى خۇجياڭشىڭ، چېڭگۇەن ج خ شۆبە ئىدارىسى جىنايى ئىشلار 1 - ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مىن خاۋخوڭ، رازۋېدكىچى لى ۋېي قاتارلىق بەشەيلەننى دەرھال ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ جىنايەتچىلەرنى قولغا ئېلىشنى قارار قىلدى.

5

8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، كەچ سائەت 11 دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە، ئايروپىلان ئۈرۈمچى ئايرودرومىغا قوندى. شىنجاڭ جىنايى ئىشلار رازۋېدكا باش ئەترىتىدىكى ئىككى يولداش خېلى بۇرۇنلا مەخسۇس ماشىنا بىلەن دەرۋازا ئالدىدا ئۇلارنى ساقلاپ تۇراتتى.

ئۇلار ئۇدۇل شەھەرگە كىرىپ، بىرەر مېھمانخانا ئىزدەشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، ئاۋۋال نازارەت ئىشخانىسىغا كېلىپ، شىنجاڭدىكى سەپداشلارغا دېلونىڭ يېقىنقى تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەپسىلىي مەلۇم قىلدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئۇلار شىنجاڭلىق سەپداشلىرى بىلەن دېلو ئەھۋالىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇزاكىرە قىلىپ ۋە تەھلىل قىلىپ، جىنايەتچىلەرنى قولغا چۈشۈرۈش لايىھەسىنى تەپسىلىي بېكىتتى. ئۇلار جىنايەت گۇماندارى بىلەن كۆرۈشىدىغان ئورۇننى شىنجاڭ مېھمانخانىسىنىڭ 302 - ئۆيىگە بېكىتتى. مىن خاۋخوڭ ماشىنىچى سىياقىدا كىيىنىپ جىنايەت گۇماندارى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى. خۇجياڭشىڭ 305 - ئۆيدە يوشۇرۇنۇپ تۇردى. گەنسۇ ئۆلكىسىدىن كەلگەن رازۋېدكىچى لى ۋېي ۋە شىنجاڭ جىنايى ئىشلار رازۋېدكا باشقارمىسىدىكى ئۈچ رازۋېدكىچى پىستىرما قۇرۇپ، مەخپىي بەلگە ئارقىلىق ئالاقە باغلىماقچى بولدى. شىنجاڭ مېھمانسارىيىنىڭ بىرىنچى قەۋەت يىغىن زالىنى جاڭ جيانىڭ، جاڭ جۈن ھەمدە شىنجاڭلىق ئىككى نەپەر رازۋېدكىچى چارلاپ تۇردى. ئاۋۋالدا جىنايەت گۇماندارى زالدا كۆرۈشۈپ مال بىلەن پۇلنى زالدا ئالماشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ قالسا، ئۇنى قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مېھمانسارايىنىڭ سىرتىنى شىنجاڭ ج خ نازارىتى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا باش ئەترىتى جوڭ، مۇھىم دېلولارنى تەكشۈرۈش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جىڭ يىڭ قاتارلىق ئۈچ نەپەر رازۋېدكىچى كىتىپ تۇردى. جىنايەت گۇماندارلىرىنىڭ قانچە ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە ھەم ئۇلارنىڭ قورال - ياراغ، قاتناش قورالى، پارتلاتقۇچ بىلەن كېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن گەنسۇ ئۆلكىسىدىن كەلگەن رازۋېدكىچىلار شىنجاڭلىق سەپداشلىرىدىن تۆت دانە تاپانچا ئارىيەت ئالدى. بۇلارغا شىنجاڭ ج خ نازارىتىدىن باشقارما باشلىقى خۇجيېي بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلماقچى بولدى. شىنجاڭلىق سەپداشلار گەنسۇ ئۆلكىسىدە يۈز بەرگەن دېلوغا ياخشى ماسلىشىش ئۈچۈن ئالدى كەينى بولۇپ 20 ئادەم، ئىككى نەپەر باشقارما باشلىقى، تۆت ماشىنا ئاجراتتى. بۇنىڭدىن گەنسۇلۇق سەپداشلار ئىنتايىن تەسىرلەندى.

8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، چۈشتىن بۇرۇن، سائەت 10 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، رازۋېدكىچىلارنىڭ ھەممىسى بەلگىلەنگەن ئورۇنلىرىغا كېلىپ بولدى. مىن خاۋخوڭ بۇلاپ كېتىلگەن يانفونغا تېلېفون بېرىپ ئالاقىلاشتى، ئۇ تېلېفون نومۇرىنى بېسىپ:

-ۋەي، مەن ماشىنىخولىنىڭ ئىنىسى ماشىنچى بولىمەن، ھازىر ئۈرۈمچىگە كېلىپ بولدۇم، شىنجاڭ مېھمانسارىيىنىڭ 302 - ئۆيىدە، تېز كەل، مالنى قايتۇرساڭ، پۇلنى نەق سانايمەن، -دېدى.

قارشى تەرەپ بىر ئاز سۈكۈت قىلىپ:

- بولىدۇ، دەپ تېلېفوننى قويۇۋەتتى، ساقچىلار ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىپ، ئەھۋال كۈتۈپ، ئىشلار ئويلىغىنىدەك بولاردەپ ئۈمىد قىلىشتى.

6

ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ قارىسىنى كۆرسەتمىگەن، لەنجۇغا تېلېفون بېرىپ بىرمۇنچە پۇلغا ئىگە بولۇشنىڭ چوتىنى سوقۇۋاتقان بۇ سىرلىق شەخسنىڭ ئىسمى قۇۋانىش بولۇپ، ئىلى ۋىلايىتى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ تيانشان يېزىسىدىكى بىر دېھقان بولۇپ، دائىم سىرتلارغا ئىش ئىزدەپ چىقاتتى. 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، قۇۋانىش ئۈرۈمچى شەھىرىگە كېلىپ كوچىدا لى مىڭ ئىسىملىك بىر بالا بىلەن تونۇشۇپ قالغان، ئىككىسى بىكارچىلىقتا بىر كۈن بىرگە بولغان، كەچتە ياتاقتىمۇ بىرگە ياتقان. قۇۋانىش گەنسۇ



ئۆلكىسىدىن كەلگەنلەردىن لەنجۇدا قىلىدىغان ئىش جىق، ئاشخانىلاردا ئىشلىسە ھەر ئايدا 600 ، 700 يۈەن تاپقىلى بولىدۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ئولتۇرالماي لەنجۇغا بېرىش قارارىغا كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ لى مىڭدىن ئايرىلغان. 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، قۇۋانىش لەنجۇ شەھىرىگە كېلىپ، بىر نەچچە كۈنگىچە ئىش ئىزدىگەن بولسىمۇ قىلىدىغان ئىش تاپالمىغان. 6 ـ كۈنى، قۇۋانىش پويىز ئىستانسىسىغا يېقىن جايدا تۇيۇقسىز ھېلىقى لى مىڭ بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قالغان. بۇ ئىككىيلەن كونا تونۇشلاردەك پويىز ئىستانسىسىغا يېقىن جايدىكى بىر ياتاقتا ئۈچ كۈن بىرگە ياتقان. لى مىڭ قۇۋانىشتىن پۇل سورىغاندا قۇۋانىش ئىڭغا پۇل بەرمىگەن. لى مىڭمۇ بۇنىڭدىن ئاچچىقلانماي:

ـ قارىغاندا سىنىڭمۇ پۇلۇڭ ئاز قالدى، ياكى بىز بىرەر ئىش تاپالمىدۇق، قانداق قىلىمىز؟ ئۇنىڭدىن كۆرە بۇلاڭچىلىق قىلايلى! ـ دېگەن.

قۇۋانىش بۇ گەپنى ئاڭلاپ باشتا سەل چۆچىگەن، چۈنكى ئۇ ئەزەلدىن بۇلاڭچىلىق قىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئەمما لى مىڭ يەنە ئۇنىڭ ئېسىغا سېلىشىغا ئۇمۇ ماقۇل كۆرۈپ:

ـ قانداق بۇلايمىز؟ ـ دەپ سورىغان.

ـ ۋوي، بۇلاڭچىلىقنىمۇ بىلمەمسەن؟ كەچتە ئادەم شالاڭ، قاراڭغۇ جايدا ئادەم كۆرۈنسە، قولىدا سومكا بولسىلا بۇلايمىز، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا سومكىدا پۇل بار بولىدۇ، ـ دېگەن.

ئىككىيلەن قىلىمەن دېگەننى قىلىغان. شۇ كۈنى كەچتە ئۇلار چوڭ يولدا ئايلىنىپ بىرەر نىشان ئىزدەپ كېتىپ بېرىپ، شەرق قىزىلدى مەيدانىنىڭ شەرقىي ئېغىزىدا ماشىنىخۇلنى ئۇچرىشىپ ئۇنى بۇلىغان، ئۇچاغدا ئۇلار ماشىنىخۇلنى بۇلاپ شەرق تەرەپكە قېچىپ، بىر بىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن. قۇۋانىش تاكسىغا ئولتۇرۇپ پويىز ئىستانسىسىغا قاچقان، ئۇ پويىز ئىستانسىسىدا لى مىڭنى بىر كۈن ساقلاپ، كەلمىگەچكە شۇ كۈنى كەچتە، پويىزغا ئولتۇرۇپ، شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن. ئۇ غۇلجىغا كېلىپ، يانفون بىلەن غۇلجا ناھىيىسىدىكى بىر قانچە ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىگە، يۈننەن ئۆلكىسىدىكى بىر دوستىغا تېلېفون بەرگەن. لەنجۇ شەھىرىدىكى ساقچى تەرەپ قۇۋانىش بۇلاپ كەتكەن چاقىرغۇغا تېلېفون بېرىپ، سىناپ كۆرگەندە، ئۇ دەسلەپ قورقۇپ، يانفوننى تاشلاپ قويغان، كېيىن تۇرۇپ قورسىقىغا جىن كىرىپ، چاقىرغۇدىكى تېلېفون نومۇرىغا تېلېفون بېرىپ مەنمۇ بىر سىناپ باقاي، تېخى بىر مۇنچە پۇلغا ئىگە بولۇپ قالسام ئەجەب ئەمەس دەپ ئويلىغان. شۇنىڭ بىلەن ماشىنىخۇلنىڭ ئائىلىسىگە سىناپ تېلېفۇن بەرگەن. ئۇ بۇلاپ كەتكەن يانفۇن، چاقىرغۇ، كىملىك، ئاچقۇچ، خىزمەت كىنىشكىسى قاتارلىقلارنى ساقلاپ



قويۇپ قارشى تەرەپنىڭ كېلىپ ئېلىپ كېتىشىنى كۈتكەن، ئۇ خەنزۇچە خەت تونۇمىغاچقا سومكىدىكى بىر نەچچە پارچە سالام خەت، ھۆججەتلەرنى كۆيدۈرىۋەتكەن، سومكا بىلەن پىچاقنىمۇ تاشلىۋەتكەن.

مۇشۇ بىر قانچە كۈندىن بېرى، ئۇ ئۆيدە بەش ـ ئالتە قېتىم تېلېفون بېرىپ سۆزلەپ، تەكرارلىساپ كۆرۈپ، ھېچقانداق شەپە بولمىغانلىقتىن ناھايىتى كۆرەڭلەپ كەتكەن. دەرۋەقە بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن ئۇ ئۆزى يېتىپ كەلگەن، سائەت 11 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە كېلىشكەن بويىچە شىنجاڭ مېھمانسارىيىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كەلگەن.

قۇۋانىش تاكسىدىن چۈشۈپ، ناھايىتى سالاپەت بىلەن بىر دوستىغا تېلېفون بەرگەچ ئالدى كەينىگە قارىغان، تۇرۇپ دىلغۇل بولغان.

قۇۋانىشنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى يولدا ئۇنى ـ بۇنى ئېلىپ لاغايلاپ يۈرگەن پۇقرا سىياقىدىكى جىڭ پىڭ قاتارلىق ئۈچ رازۋېدكىچى بىلىپ بولغان. شۇنداقتىمۇ بېنىكلىك بىلەن جىنايەت گۇماندارى شۇ دەپ ھۆكۈم قىلىشقا سەل بالدۇربولغاچقا، پەقەت داۋاملىق كۆزىتىشكە توغرا كەلگەن.

قۇۋانىش ھەقىقەتەن قورققان بولۇپ، تېلېفوننى بېرىپ بولۇپ، تاكسى توسۇپ ماڭغان. جىڭ پىڭ قاتارلىق ئۈچ رازۋېدكىچىمۇ تاكسى توسۇپ كەينىدىن ئىز قوغلاپ ماڭغان. بىرلىق قۇۋانىش 20، 30 مېتىر مېڭىپلا تۇيۇقسىز تاكسىدىن چۈشۈپ قالغان. يولنىڭ چېتىدە تۇرۇپ تۆت ئەتراپقا ۋە مېھمانسارايى بىناسىغا قاراپ تۇرغان، جىڭ پىڭ ئۇنىڭ يۇقىرقى بىر قاتار ھەرىكەتلىرىدىن بۇ ئەبلەخ ئېھتىمال شۇ جىنايەت گۇماندارى بولسا كېرەك دەپ ھۆكۈم قىلىپ، يەنە ئەتراپقا گۇمانلىق كىشىلەر بارمۇ يوق دەپ سەپسېلىۋېتىپ، بۇ ئەبلەخنىڭ تۇيۇقسىز نىيىتىنى ئۆزگەرتىپ قېچىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، قالغان ئىككى رازۋېدكىچىمۇ كۆز ئىشارىسى قىلىپ قويۇپ، يولدىن ئۆتكەن كىشى بولۇپ قۇۋانىشنىڭ يېنىغا مۆرىدەپ كېلىپ، ئۇنى چاقماق تېزلىكىدە قولغا چۈشۈرگەن. ئۇنىڭ يېنىدىن بىردانە يانفون، ماشىنىخۇلنىڭ خىزمەت كىنىشكىسى، كىملىكىنى، تېلېفون دەپتەرىنى ئاختۇرۇپ تېپىپ، نەق مەيداندىلا ئىسپاتلاپ چىققان.

بىر مەيدان قەبىھ بۇلاڭچىلىق دېلوسى گەنسۇ ساقچى تەرەپ بىلەن شىنجاڭدىكى كادىر ساقچىلارنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا، پەقەت بىر ھەپتە ئىچىدىلا پاش قىلىندى.

شۆھرەت مۇھەممىدى (ت)

# ئۇ نېمە ئۈچۈن جېنەن ئوغلىغا زىيانكەشلىك قىلدى؟



گاۋدېڭشۇ

1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۈش سا-
ئەت 1 يېرىملاردا، بىر بوۋاي ھاسىراپ - ھۆمىدە-
گىنىچە گوچوك ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ۋۇماچاڭ
قاراق يېزىلىق ساقچىخانىغا كىرىپ كەلدى. نۆۋەت-
چىلىك قىلىۋاتقان ساقچىخانا باشلىقى ۋاڭ
شىڭچياڭ بىر قارايلا ئۇنىڭ مەزكۇر يېزىنىڭ دېھ-
قانچىلىق 3 - كەنتىنىڭ باشلىقلى چاۋچېڭ ئى-
كەنلىكىنى تونۇدىدە، ئالدىراپ سورىدى: «بوۋا، نېمە
ئىش بولدى؟». «ئادەم ئۆلدى، ئادەم ئۆلدى، ليۇ جىلو
ئۆزىنىڭ جېنەن ئوغلى ليۇ فېڭچۈەننى ئۆلتۈرۈۋەت-
تى!» كەنت مۇدىرى ئۈزۈپ - ئۈزۈپ جاۋاب بەردى.
ساقچىخانا باشلىقى قاتىللىق دېلوسى يۈز بەرگەن-
لىكىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ جىددىيلەشتى: «ئۇنىڭ
ئۆلگەنلىكىنى ئېنىق كۆردىڭىزمۇ؟». «مېنىڭچە
ئۇ ئۆلدى، ئۇنىڭ باش - كۆزلىرى پۈتۈنلەي قان،
يەردە مىدىر - سىدىر قىلماي ياتىدۇ، ئىشتىنى
سالدۇرۇغلۇق تۇرىدۇ، زەكىرى كېسىۋېتىلىپتۇ،
چاترىقى قانغا تولۇپتۇ، ئىششىقلىپ بەك قورقۇنچ-
لۇق» دەپ جاۋاب بەردى لى چاۋچېڭ. ساقچىخانا
باشلىقى ئۇنىڭ بايانىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال
ساقچىلارنى تەشكىللەپ ئۇلارنى ئىككى يولغا بۆل-
دى، بىر بولىكىلەر جىنايەت گۇماندارى ليۇجىلونى
تۇتۇشقا ئاتلاندى، يەنە بىر بولىكىلەر دېلو يۈز بەر-
گەن نەق مەيدانغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار يېرىم سائەت يول
يۈرۈپ نەق مەيدانغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇ يەرگە خېلى
جىق ئادەم ئولىشىپ بولغان ئىدى. ساقچىلار ماشى-
نىدىن چۈشۈپ، نەق مەيداننىڭ كەنت باشلىقى
ئېيتقاندەك قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى كۆردى. ساق-
چىخانا باشلىقى ۋاڭ شىڭچياڭ زىيانكەشلىككە
ئۇچرىغۇچىنىڭ تېخى ئۆلمىگەنلىكىنى بايقىدىدە،
ئۇنى قۇتقۇزىۋېلىش ئۈچۈن، ساقچىلار بىلەن بىر-
لىكتە دەرھال يېقىن ئەتراپتىكى يېزا ئىگىلىك 6 -
نشى 109 - تۈەن دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ باردى ھەمدە
دېلو ئەھۋالىنى تېزدىن گوچوك ناھىيىلىك ج خ ئىدا-
رىسى جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى چوك ئەترىتىگە
دوكلات قىلدى.

## دېلونى قوبۇل قىلىش

جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى چوك ئەت-



رىتىنىڭ رەھبەرلىرى ۋۇماچاڭ يېزىلىق ساقچىخانا مەلۇم قىلغان دېلونى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، بۇ دېلونى بىزنىڭ 3 - ئوتتۇرا ئەترىتىمىزنىڭ تەكشۈرۈشىگە تاپشۇردى. بىزنىڭ ئەترىتىمىز ئۈچەيلەن دەرھال ۋۇماچاڭ ساقچىخانىسىغا ئاتلاندۇق، ساقچىخانا باشلىقى ۋاڭ شىڭجياڭ بىزنى ۋەقە يۈز بەرگەن نەق مەيدانغا باشلاپ باردى. نەق مەيداندا ئىككىسىنىڭ سوقۇشقان چاغدىكى ئىز نالەرىدىن باشقا، يەردە يەنە نۇرغۇن قان داغلىرى بار ئىدى، ليۇ فېڭجۈننىڭ كېسىۋېتىلگەن زەكىرى يەردە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ چۆرىسىگە بىر چەمبىرەك سىزىپ قويۇلغان ئىدى. بىز نەق مەيداننى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ، ئالاقىدار دەلىل ئىسپاتلارنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، كەنت باشلىقى لى جاۋجيېگنى تېپىپ ئەھۋال ئىگىلىدۇق، ئۇ بىزگە مۇنداق دېدى: «شۇ كۈنى چۈش سائەت 1 بېرىملاردا، ئۆيدىن چىقىپلا، بىزنىڭ كەنتتىكى ليۇ جىلۇنىڭ ھەدەپ ليۇ فېڭجۈننىڭ چاترىقىغا قولىنى تىقىپ بىر ئىش قىلىۋاتقانلىقىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، دەسلىپىدە ليۇ جىلۇنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمىدىم، ئۇ قولىنى ليۇ فېڭجۈننىڭ چاترىقىغا تىقىپ: «قېنى ئەمدى سېنىڭ پاھىشىۋازلىق قىلغىنىڭنى كۆرۈپ باقاي» دېگەن گەپنى تەكرارلايتتى، ئارقىدىنلا ئۇ ليۇفېڭجۈننىڭ چاترىقىدىن بىر سىقىم نەرسىنى ئېلىپلا يەرگە تاشلىدى، مەن شۇ چاغدا، ليۇ فېڭجۈننى ئۆلدى، دەپ ئويلىدىمدە، ليۇ جىلۇغا: «نېمە دەپ بۇنداق رەزىل ئىشنى قىلىسەن؟ بۇنداق قىلىش قانۇنغا خىلاپ» دېسەم. ئۇ: «سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن!» دەپ ۋارقىرىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن يۈگۈرۈپ كېلىپ ساقچىخانىغا دېلو مەلۇم قىلدىم. ليۇ فېڭجۈن ليۇ جىلۇنىڭ جىيەن ئوغلى بولىدۇ، ليۇجىلۇ ئۆز ئايالى بىلەن ليۇفېڭجۈننىڭ ئاشنىلارچىلىق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بايقاپ قالغاچقا، 1998 - يىلى 4 - ليدا ئايالى ۋاڭ يەنفېن بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن. ئۇلار نىكاھتىن ئاجرالغاندىن كېيىن، ۋاڭ يەنفېن بىلەن ليۇ فېڭجۈن يەنىلا قويۇق باردى كەلدى قىلىپ يۈرۈشتى، ئىككىسى سودا قىلىمىز دەپ، گۇججۇڭدىن چىقىپ كېتىپ بىر نەچچە ئاي سىرتتا يۈرۈۋىدى، مەھەللىدىكىلەر سۆز چۆچەك قىلىپ، دېيىشمىگەن گېپى قالمىدى. ليۇ جىلۇ نىكاھتىن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن، دائىم ئايالى بىلەن يارىشىپ قېلىشنى ئويلاپ يۈردى. ئايالى بىلەن يارىشىۋېلىش ئىستىكى كۈچەيگەنسېرى، ليۇ فېڭجۈنگە بولغان ئۆچمەنلىكى شۇنچە ئېشىپ باردى. ئۇ بىز كەنت رەھبەرلىرىگە بۇ ئەھۋاللارنى ئىنكاس قىلغاندا، بىز بېرىپ ليۇ فېڭجۈن بىلەن بۇ ھەقتە پاراڭلىشىپمۇ باقتۇق، لېكىن بۇنىڭ ئانچە پايدىسى بولمىدى، ۋاڭ يەنفېن بىلەن ليۇ فېڭجۈن بۇرۇنقىدەكلا ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىشىپ يۈردى. ۋەقە يۈز بېرىشتىن بىر كۈن بۇرۇن، ليۇجىلۇ مېنى ئىزدەپ كېلىپ، ليۇ فېڭجۈن يەنىلا دائىم ۋاڭ يەنفېننىڭ ئۆيىگە بېرىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ۋاڭ يەنفېن بىلەن يارىشىۋېلىشىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقانلىقىنى، ئەگەر بۇ ئىشقا كەنت رەھبەرلىرى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ بىر نەرسە دېمىسە، ئىشنى ئۆزى ھەل قىلىدىغانلىقىنى، ليۇ فېڭجۈننى تازا بىر ئەدەپلەپ قويمىغىچە بولدى قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ۋاڭ يەنفېن بىلەن ليۇ فېڭجۈننىڭ راستىنلا بە-



نورمال مۇناسىۋىتى بار - يوقلۇقىغا كەلسەك، «ئوغرىسىنى مېلى بىلەن، زىناخورنى جۈپتى بىلەن تۇت» دېگىنىدەك، ئۇلارنى ھېچكىم تۇتۇۋالمىغان.

دەسلەپكى قەدەمدە ئىگىلىگەن يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، بۇنى خاراكتېرى قەبىھ بولغان زىيانكەشلىك قىلىش دېلوسى دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ، جىنايەت گۇماندارى قولغا چۈشكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە گۇۋاھچى ۋە دەلىل ئىسپاتلار تولۇق بولغاچقا، دېلونى ئۇزاققا قالماي ئاخىرلاشتۇرغىلى بولاتتى. رازۋېدكىچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇ دېلونى بىر ياققا ئېلىپ چىقىشقا كۆزۈم يەتتى، لېكىن ئوخشاشلا بىر ئائىلىسى، بالا چاقىسى بار ئەركەك بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئىچىم خېلى ئۇزۇنغىچە ئاچچىق بولدى، شۇنىڭ بىلەن، دېلونى تېزراق ئاخىرلاشتۇرۇش، ئىچىمدىكى بەزى گۇمانلارنى يېشىش ئۈچۈن، دېلوغا ئالاقىدار كىشىلەرنى زىيارەت قىلىشقا ئاتلاندىم.

## زىيارەت قىلىپ سوئال [illegible]

ليۇ جىلۇ، ئۇ ماڭا ياۋاش، ساددا تەسىر بەردى - ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: ئەسلىدە مېنىڭ بىر بەختىيار ئائىلەم بار ئىدى. ئايالىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئۆي تۇتقىنىمىزغا 16 يىل بولغان. 16 ياشلىق قىزىم، 12ياشلىق ئوغلۇم بار. ئايالىمنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتىم، ئۇ نېمە دېسە شۇنىڭغا ماقۇل بولاتتىم، ھەرگىز قارشى چىقمايتتىم. ئۇ ئىچى كۆچلۈك، يۈز ئابرۇيغا بەك ئېتىبار بېرىدىغان ئايال بولۇپ، مېنى ھەدېگەندىلا قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان يارىماس، دەپ كۆزگە ئىلمايتتى، ئۆينىڭ سىرتىدىكى ئىشلاردىمۇ ئۇنىڭ دېگىنى ھېساب بولاتتى، ئىشقىلىپ، ھەممە ئىشنى ئۆزى بىر قوللۇق باشقۇراتتى. ئادەتتە ئۇمۇ ماڭا خېلى ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى، بەزىبىر ئىشلاردا كەتكۈزۈپ قويسىمۇ، ئانچە بەك كۆڭلۈمگە ئېلىپ كەتمەيتتىم، ئائىلىدە ئانچە مۇنچە سەن پەن دېيىشىپ ئۆتسەكمۇ، ھەرھالدا خېلى بەختلىك ئىدۇق. 1985 - يىلى جىيەن ئوغلۇم ليۇ فېڭجۈن مېنى پانا تارتىپ شەنشىدىن كەپتۇ، شۇ چاغدا ئۇ ئاران 18 ياشقا كىرگەن بولۇپ، بىزنىڭ ئۆيدە يېتىپ قوپۇشقا باشلىدى، نوپۇسىنى مۇشۇ كەنتكە ئورنىتىپ بەردىم. ئۇ 1990 - يىلى توي قىلغان، ھازىر 8 ياشلىق ئوغلى بار. ئۇنىڭغا ھەرنېمە دېگەن بىلەن جىيەن ئوغلۇمغۇ دەپ، نۇرغۇن ياردەم بەردىم، لېكىن ئۇنىڭ بۇنداق ھايۋانلارچە ئىش قىلىپ يۈرۈشىنى ئەسلا خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدىم. بىر كۈنى ئېتىزغا سۇ تۇتۇپ بولۇپ ئۆيگە قايتىپ كەلسەم، ئايالىم بىلەن ليۇ فېڭجۈن قىپيالىڭاچ قۇچاقلىشىپ يېتىپتۇ، قاتتىق ئاچچىقىم كېلىپ، ئۇلارنى تازا تىللىدىم، بۇ ئىشنىمۇ شۇنىڭ بىلەن بولدى قىلىۋەتكەندۇق.

1997 - يىلى ئەتىيازدا، ناھىيە بازىرىغا ئۇرۇقلۇق بۇغداي سېتىۋالغىلى كىرىپ كەچ قالدىم، شۇ يەردە قونۇپ قالاي دەپ تۇرۇشۇمغا كەنتكە بارىدىغان تەييار ماشىنا ئۇچراپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن، كەچ سائەت 12 دە ئۆيگە قايتىپ كەلسەم، ئايالىم بىلەن ليۇفېڭجۈن كارىۋاتتا قىپيالىڭاچ ھالدا ھېلىقىدەك ئەسكى ئىشنى



قىلغىلى تۇرۇپتۇ. مەن ئاچچىقىمدا ليۇفېڭچۈەننى راسا دۇم-
بالىدىم، ئۇ قېچىپ كەتتى. مەن ئايالىمدىن نېمە ئۈچۈن
بۇنداق سەت ئىش قىلغانلىقىنى سورىسام، ئۇ مەن بىلەن
ئاجرىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئۇنىڭدىن ئايرى-
لىپ قېلىشقا كۆزۈم قىيمىغاچقا، بۇ قېتىممۇ دەردىمنى
ئىچىمگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولدۇم. كېيىن جىيەن ئوغلۇم
مېنىڭ ئاۋارىچىلىق پەيدا قىلىشىمدىن ئەنسىرەپ، دۇن-
خۇاڭغا كەتتى. بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ، ئايالىم داۋالىنى-
مەن دەپ قويۇپ، ليۇفېڭچۈەننىڭ ئارقىسىدىن دۇنخۇاڭغا
ماڭدى. يەنە ھېچ نەرسە دېيەلمەي زەردە گۆش بولۇپ يۈر-
دۇم. 3 ئاي ئۆتۈپ، ئايالىم قايتىپ كەلدى ۋە ئاجرىشىمەن
دەپ غەۋغا كۆتۈرگىلى تۇردى، مېنىڭمۇ سەۋر قاچام ئاخىر
تاشتى. 1998 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىش
كېلىشىمى تۈزدۇق، نىكاھتىن ئاجرىشىپ بولۇپ ناھايىتى
پۇشايمان قىلدىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن يارىشىۋېلىش نىيىتىگە
كەلدىم. ئۇنىڭغا مەقسىتىمنى ئېيتىۋىدىم، ئۇ ئىككىلە-
نىپ بىر قارارغا كېلەلمىدى، بۇ مەزگىلدە، جىيەن ئوغلۇم
ليۇ فېڭچۈەن دائىم ئۇنى ئىزدەپ كۆرۈشۈپ تۇردى، مەن
تاقەت قىلالماي، ئۇنى تازا بىر ئەدەپلەپ قويۇشنى كۆڭ-
لۈمگە پۈكۈپ يۈردۈم. ۋەقە يۈز بەرگەن كۈنى، سىرتتىن
ۋېلىسىپىتلىك قايتىپ كېلىۋاتسام، ليۇ فېڭچۈەن ئۇچ-
راپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ۋېلىسىپىتتىن سەكرەپ چۈشۈپلا
ئۇنىڭ بىلەن مۇشتلىشىپ كەتتىم. يەردىن بىر تاشنى ئې-
لىپ بېشىغا بىر ئۇرۇۋىدىم، ئۇ ھوشسىز كەتتى، شۇنىڭ
بىلەن ئۇنىڭغا رەسمىي قول سالدىم، ئىشقىلىپ، مېنىڭ

ھازىر ئائىلەم يوق، تۈرمىدە ياتساممۇ ئوخشاشلا شۇ گەپ،
مەن قانۇننىڭ جازالىشىنى رازىلىق بىلەن قوبۇل قىلىمەن.

ۋاڭ يەنفېن(ليۇ جىلۇنىڭ ئايالى، 40 ياش): ئائىلەم-
نىڭ ئىشلىرىنى دەپ يۈرىكىم لەختە ـ لەختە بولدى، ئا-
خىر بېرىپ مۇشۇ ئاقىۋەتكە قالدۇق.

ۋاڭ يەنفېن بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىدە كۆرۈشتۇم، ئۆيىنىڭ
سەرەمجانلاشتۇرۇلىشىغا قارىغاندا، خېلىلا باي ئائىلىلەر-
دىن ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. قارىماققا ناھايىتى چۈەر
كۆرۈنىدىغان بۇ ئايال ياش ۋاقتىدا خېلىلا چىرايلىق بولسا
كېرەك. ئۇ بۇرنىنى تارتىپ يۇم يۇم يىغلاپ، ماڭا دەردىنى
تۆكۈشكە باشلىدى: «مەن مۇشۇ يەرلىك، مەكتەپتە تو-
زۇكرەك ئوقۇمىغان. 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرى، ئەمدىلا 20
ياشقا كىرگەن مەزگىلىمدە، مەھەللىدىكى بىر يىگىت بى-
لەن مۇھەببەتلەشتىم، لېكىن ئاتا ئانام بىزنىڭ مۇھەببەت-
لىشىشىمىزگە قوشۇلماي، بىزنى مەجبۇرىي ئايرىۋەتتى.
1982 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، 24 ياشقا كىرگەن يىلىم، ئاتا ئانام
مېنى مەجبۇرىي ھالدا ليۇجىلۇغا ياتلىق قىلىپ قويدى، ليۇ
جىلۇ شۇ چاغلاردا، ناھىيە سىرتىدىكى بىر كۆمۈر كانىدا
ئىشلەيتتى، ئۇ ئۆيىمىزگە 1000 يۈەنلىك سوۋغا ـ سالام
ئېلىپ كەلگەن بولغاچقا، ئاتا ـ ئانام مېنى ئۇنىڭغا ياتلىق
قىلغانىدى. تويدىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كۆمۈر
كانىغا باردىم، ئۇنىڭ گەپمە ئۆيى چاشقان كىرسە يامانلاپ
چىقىپ كەتكۈدەك نامرات ئىدى. مەن ئۇ يەرگە
كۆنەلمەي، ئېرىمنى باشلاپ ئاتا ـ ئانامنىڭ
ئۆيىگە يېنىپ كەلدىم. توي قىلىپ ئۇزاق ئۆت-





ئەرلەرنىڭ كۆيدىشى ئۇلارنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن شەخسىيەتچىلىكتۇر.

مەيلا، ئۇنىڭ ئىنتايىن گۇمانخور ئەر ئىكەنلىكىنى باي-
قىدىم، ئۇ ھە دېگەندىلا مېنىڭ ئىسىملىمدا چاتاق بار، دەپ گۇ-
مان قىلىپ يۈرۈيتتى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشتۇم، ئاجرىشىپ كې-
تىشنىمۇ ئويلىدىم، لېكىن ئىككى بالىلىق بولدۇق، مەنمۇ «ئەل-
گە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە» دېيىشكەن، دەپ
تەقدىرىگە تەن بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم. يېقىنقى يىللاردا، بالى-
لارمۇ چوڭ بولۇپ تۇرمۇشىمىز بارغانسېرى ياخشىلاندى، لېكىن
ئۇنىڭ خۇيى قىلچە ئۆزگەرمىدى، سىرتتا بىرەر ئەر زاتى بىلەن
پاراڭلىشىپ قالسىمۇ، بولدى، ئۇنىڭ ئەرۋاھى ئۇچاتتى، ئۆيگە
بىرەر ئەر كىشى كېلىپ قالسىمۇ، بىرەر چاتاق چىقىشىمىكىن،
دەپ گۇمان قىلاتتى. بىر قېتىم مەن سىڭلىمنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ
بوللىشى بىلەن تانسا ئوينىۋاپ قويسام، ئۇ بەردە ماڭا بىر نەرسە دې-
يەلمەي ، ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەن بىلەن سوقۇشۇپ،
گېلىمنى بوغۇپ كەتكەندى. ئۇ مېنىڭ باشقىلارنىڭ ئۆيىگە
چىقىپ قارتا ئوينىشىمغا قارشى ئىدى، تونۇش بىلىشلىرىنى
يوقلاپ كېلىشىمگىمۇ ئۆچ ئىدى، ئىشقىلىپ ئۇ مېنىڭ ئۆزى-
دىن باشقا بارلىق ئەرلەر بىلەن كۆرۈشۈشىمگە قارشى تۇراتتى، ئۇ
بۈگۈنى مېنى پالان بىلەن چاتىقىڭ بار دېسە، ئەتىسى پۈگۈنى بە-
لەن چاتىقىڭ بار، دەپ كۆڭۈلشىلىك قىلاتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئۆي
تۇتقان 16 يىلنى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزدۈم. بۇ ئارىلىقتا، ئۇنىڭ بى-
لەن بىر نەچچە قېتىم قاتتىق ئۇرۇشۇپ قالدىم، ھەر قېتىم ئاجرى-
شىپ كەتمەكچى بولغان بولسامۇ، لېكىن ئاتا - ئانامنىڭ بې-
سىمى ئاستىدا مەقسىتىمگە يېتەلمىدىم، كېيىن، ئۇ مېنى ليۇ-
فېڭچۈەن بىلەن بىنورمال مۇناسىۋىتىڭ بار دەپ قارىلىدى، شۇ
ئاچچىقىمدا ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ كەتتىم. نىكاھتىن ئاج-
رالغاندىن كېيىن، بىر نەچچە ئاي سىرتلارنى ئايلىنىپ، خاپى-
لىقلىرىمنى ئاز تولا ئۇنتۇپ قايتىپ كەلدىم. يېقىندىن بېرى
ئۆيدىكىلەرنىڭ نەسىھىتى ئارقىسىدا ئۇنىڭ بىلەن يارىشىۋېلىش-
نى ئويلاپ يۈرگەندىم، بۇنداق پاجىئەنىڭ كېلىپ چىقىشى چۈ-
شۈمگىمۇ كىرمىگەندى. ئەمدى بولىدىغان ئىش بولۇپ بولغاندا،
دەرياغا سەكرىسەممۇ مەڭگۈ پاكلىنالمايمەن، بۇ قورساق كۆيۈ-
كۈمنى ئەمدى كىمگە ئېيتىمەن؟

ليۇ فېڭچۈەن(32ياش): ليۇجىلۇ مېنى ناكا قىلىپ قويىدى،
تاغامنىڭ بۇنچىۋالا رەھىمسىزلىكىنى ئويلاپ باقمىغانىدىم .
مەنمۇ ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالىمەن.

- تاغام مېنى كىچىك ئاپام بىلەن بىنورمال مۇناسىۋىتى بار،
دەپ گۇمانلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ كەتتى، كېيىن بارى-
شالماسلىقىدىكى سەۋەبنى ماڭا دۆڭگەپ قويدى.

- ئۇنىڭ كۆزلىرى تورۇسقا تىكىلگەن بولۇپ، كەي-
پىياتى تولىمۇ چۈشكۈن ئىدى.



- ئۇنداقتا، سېنىڭ كىچىك ئاپاڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭ
زادى قانداق؟ -سورىدىم ئۇنىڭدىن.

-بىز ئىككىمىز پاك، مەن كىچىك ئاپامنىڭ ماڭا قىلغان
كۆپ قېتىملىق ياردىمىگە رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن
يېقىن ئۆتەتتىم.

-ھازىر قانداق ئويلاۋاتىسەن؟

-ئۇ مېنى ناكا قىلىپ قويدى، تاغامنىڭ بۇنچىۋالا رەھىم-
سىزلىكىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن، مەنمۇ ئوخشاش ئۇسۇل بە-
لەن ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالىمەن -دەپ جاۋاب بەردى، ئۇ ئاخىرىدا.

ئەر كىشى بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇنداق ئويلايمەنكى،
ئۇنىڭ بىر ياكى ئىككى يۈتى ئۈزۈپ چىقىۋېتىلگەن بولسىغۇ كاش-
كى ، ھازىرقىدىن كۆپ ياخشى بولغان بولاتتى، بۇ خىل روھىي ۋە
جىسمانىي جەھەتتىكى ناكاللىقتا ئادەمنىڭ كىشىلەر بەرداشلىق
بېرەلمەيدۇ.

لى فېڭخۇا (29 ياش، ليۇ فېڭچۈەننىڭ ئايالى): ئۇ ھەممە
ئىشتا كىچىك ئاپىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ، ھە دېسىلا ئۇنىڭ
ئۆيىگە چاپىدۇ.

چاچلىرى قاپ - قارا، قويۇق كەلگەن لى فېڭخۇا قارىماققا
خېلى كېلىشكەن چوكان، لېكىن چاچلىرى چۇۋۇق، كىيىملىرى-
مۇ پاسكىنا، كەنت رەھبەرلىرىدىن ئاڭلىشىمچە، بۇ ئايال ئالدى-
نقى يىلى ئېلىشىپ قالغان بولۇپ، ھازىرغىچە تېخى ساقلىمازا
ساقىيىپ كەتمىگەن. ھازىر تولىمۇ كەم سۆز بولۇپ قولۇم -
قوشنىلىرى بىلەنمۇ باردى كەلدى قىلىشمايدۇ. بۇ بىچارە ئايال
سۇلغۇنلۇق، ئۈمىدسىزلىك، گۇمۇشلۇكتىن باشقا، تا ھازىرغىچە
ئېرىنىڭ ناكا بولۇپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ.

## ئاخىرقى ئويلىنىش

بۇلارنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن چوڭقۇر ئويغا پاتتىم،
ليۇ فېڭچۈەن بىلەن ۋاڭ يەنفېننىڭ راستىنلا ئاشنىلارچىلىق مۇناسىۋىتى
بارمۇ -يوق؟، بۇ مەسىلە مېنىڭ بۇ دېلو ھەققىدىكى ئىزدىنىشىمنىڭ
ئاچقۇچى ئەمەس، مەن پەقەت ئۇلار ئۈچۈن چەكسىز قايغۇرىمەن ۋە چوڭقۇر
ئېچىنىمەن. لېكىن بۇ خىل قايغۇ بىلەن ئېچىنىش يەنە كېلىپ
ئاجايىپ بىر ئامالسىزلىق ئىچىگە يوشۇرۇنغان، ئىشقىلىپ، ئىككى
ئائىلە ئەنە شۇنداق ۋەيران بولدى!

بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ پاجىئەسى ئۆزي ئوچاقلىق بولغان ھەر بىر كى-
شىنى مۇنۇلارنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشكە دەۋەت قىلىدۇكى: نۇ-
ۋەتتىكى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا شاختىن شاخقا قونۇپ، ھېلى
ئۇنىڭغا ھېلى بۇنىڭغا شاپاشلاپ، ئىشقى مۇھەببەت پاتقىقىغا چوڭقۇر
پېتىپ قېلىپ، جۇرىسى بىلەن ھېسسىيات جەھەتتە چىقىشالمىغانلىقىنى
باھانە قىلىپ، تالاغا قاراۋاتقانلار؛ ئىشقىي ھېسسىياتلارغا چىرمىشىپ قې-
لىپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ چىقالمايۋاتقان، ھاياتنى لاي سۇدەك مەنىسىز
ئۆتكۈزۈۋاتقان قىز يىگىتلەر دەرھال ھوشۇڭلارنى تېپىپ، خەتەرلىك يول-
دىن قايتىڭلار!

قاھار ئوسمان(ت)



# ماخمۇتجان ئىسلام (تەكلىپلىك تەرجىمان)

كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىي تەرجىمان، ئەدىب، مۇھەررىر ماخمۇتجان ئىسلام 1947 - يىلى ئىيۇلدا قەشقەر يېڭىشەھەر نا-ھىيىسىنىڭ يانتوما يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. 1968 - يىلى ئىيۇلدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات پاكولتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن قەشقەر، ئاتۇش، خوتەن، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا ئوقۇتقۇچى، تەرجىمان، مۇھەررىر، مۇئاۋىن ھا-كىم بولۇپ ئىشلىگەن.

ماخمۇتجان ئىسلام 1965 - يىل «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 3 - سانىغا بېسىلغان تەرجىمە ئەسىرى «ئابال دۆنجالڭ» بىلەن تەر-جىمە ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن. شۇندىن بۇيان «تەشنالىق»، «چۈشكۈن ئابال»، «قانلىق يەر»، «يىلتىز»، «توجۇ خېتىدىكى جۇڭگولۇقلار»، «قىرىق يىرىنچى»، «نىقاب ئاستىدىكى مۇھەببەت» قاتارلىق 8 مىليون خەتلىكتىن ئارتۇق ھەرخىل ژانىر-دىكى ئەسەرنى تەرجىمە قىلغان.

ماخمۇتجان ئىسلام 1960 - يىل «مەكتىپىم، گۈلزار يېغىم» ناملىق شېئىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن ئەدەبىي ئى-جادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. شۇندىن بۇيان «باھار قوشاقلىرى»، «يۈرەك كۈيلىرى»، «تاڭ شەبنەملىرى»، «ئانىم، قىشمەن دىيار ۋە گۈلنار»، «كاككۇك قونغان تال»، «كاككۇك قايتا سايرىغاندا»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان ۋە 7 پارچە ئەسىرى ئاپتونوم رايون، مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

ماخمۇتجان ئىسلام 1980 - يىل 10 - ئايدىن بويان مۇھەررىرلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ 100 دىن ئارتۇق كىتاب ۋە نەچچە يۈز پارچە ئەسەرگە مەسئۇل تەھرىر بولغان. ئۇ تەھرىرلىگەن «يېزىقچىلىق بىلىملىرى»، «بۇلبۇللار يۇرتى»، «تاڭ ئېرىككىلىرى» قاتارلىق كىتابلار مەملىكەت بويىچە 1 -، 2 - دەرىجىلىك مۇكا-پاتقا ئېرىشكەن.

ماخمۇتجان ئىسلام جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى قاتارلىق 9 جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى، ئالىي مۇھەررىر. ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيە تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى.

## بىمارلار ئۈچۈن خۇشخەۋەر

ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تېخنىكا يېتەكلەش ئورنى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان كۆپىيىش سىستېمىسى ۋە جىنسىيەتكە دائىر تەتقىقات، داۋالاش بىلەن شۇ-غۇللىنىپ بۇ ساھەدە نوپۇزلۇق ئورگان بولۇپ قالدى. بۇ ئورۇن تەسىس قىلغان «بوغدا» ئامبولاتورىيىسى تەجرىبىلىك دوختۇر ئەركىن ھاشىمنىڭ باشچىلىقىدا ئەر - ئاياللارنىڭ پەرزەنت كۆرەلمەسلىك، جىنسىي ئىقتىدار ئاجىزلىقى، مەزى بېزى ياللۇغى، ھەر خىل ئاياللار كېسەللىكلىرى، سۆزەنەك، سىيلىس ۋە باشقا يۇقۇملۇق جىنسىي كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئامبولاتورىيىمىز يەنە ھامىلدار-لىقنىڭ ئالدىنى ئې-لىش، دورا بىلەن ھامىلە چۈشۈرۈش، خەتنە قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچە ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

«بوغدا» ئامبولاتورىيىسى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئاقسۇ شەھىرىدە ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلىرى، داۋالاش تېخنىكىسى تولۇق، يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن داۋالاش ئورنى قۇردى.

بۇ ئىككى ئامبولاتورىيە بىمارلارنىڭ كېلىپ كېسەل كۆرسىتىشىنى، تېلېفون، خەت ئارقىلىق مەسلىھەت سورىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. بىمار-لارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قەتئىي ساقلايدۇ. دەم ئېلىش كۈنلىرىمۇ كېسەل كۆرىدۇ

ئادرېس: ئۈرۈمچى غالىبىيەت يولى 193 - نومۇر (يەنى مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئەسلىدىكى خىزمەت بى-ناسىدا. 1، 101، 104، 16 - يول ئاپتوبۇسلىرىغا ئولتۇرۇپ يەنئەن يولى بېكىتىدە چۈشسىڭىز بولىدۇ)

تېلېفون نومۇرى: (0991)2850555

ئالاقىلەشكۈچىلەر: ئەركىن دوختۇر، ئەنۋەر دوختۇر، سارەم دوختۇر

ئاقسۇدىكى داۋالاش ئورنىنىڭ ئادرېسى: ئاقسۇ شەھىرى قىزىل كۆۋرۈكتىكى ۋىلا-يەتلىك ئۇيغۇر تې-بابەت دوختۇرخانىسى 3 - قەۋەت

تېلېفون نومۇرى: (0997)2137277

قەشقەر شەھىرىدىكى داۋالاش ئورنىنىڭ ئادرېسى: شىمالىي ئازادلىق يولى 258 - نومۇر (ۋىلايەتلىك ئا-نا - بالىلار ساقلىقنى ساقلاش دوختۇرخانىسىنىڭ 5 - قەۋەتىدە)

تېلېفون (0998)2828396

ئالاقىلەشكۈچى: ئەركىن دوختۇر، ئەنۋەر دوختۇر، ھەمراجان دوختۇر، قەھرىمان قاتارلىق دوختۇرلار



# ئىپپەت ھوقۇقى دەخلى ــ تەرۇزگە ئۇچرىغاندا ...

شياۋ فۇا

كونا دەۋردىكى ئىپپەت قارىشى ئايالla.
رنى ئاسارەت ئاستىغا ئالىدىغان كونا ئەدەپ
ـقائىدە ۋە كونا ئەخلاقنىڭ تەۋە بولۇپ،
ئىپپەتلىكلەر خاتىرە راۋىقى دېگەنلەر ئايا.
لار ئازادلىقىنى چەكلەپ، ئىنسانلار مەدەنى.
يىتىنى بېسىشنىڭ بىر بەلگىسى ئىدى.
دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىنسان.
لارنىڭ ئىپپەت قارىشىدا تۈپتىن ئۆزگە.
رىش بولدى. ئىپپەت ھوقۇقى ئاياللار ئا.
زادلىقى، ئەركىنلىكى ۋە باراۋەرلىكىنى
قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتە ئىگە بولىدىغان
ھوقۇقىدۇر. ئۇ كونا ئەخلاقتىكى ئىپپەت
قارىشىغا ئوخشىمايدۇ، ھەم غەرب چەت.
ئەللىدىكى جىنسىي قارىشى ماھىيەت
جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. دۆلىتىمىز قانۇنىدا.
كى ئىپپەت ھوقۇقى، ئاياللارنىڭ قانۇن بو.
يىچە جىنسىي ئەركىنلىكىنى بەرىمان
بولۇش ھوقۇقى بولۇپ، ئۇ ئاياللارنىڭ ھەم
ئۆز خاھىشى بويىچە قانۇنلۇق جىنسىي پا.
ئالىيەت ئېلىپ بېرىش ھەم قانۇنسىز جىن.
سىي ئالمىشىلارنى رەت قىلىش ھوقۇقىنى
كۆرسىتىدۇ.



ئىپپەت ھوقۇقى ۋە
قىزلىق پەردىسى

يۇرۇڭ بىر يۇرتلۇق ھەمشىرىلىرى بىلەن
گۇاڭجۇدا ئىشلەمچىلىك قىلاتتى. 1998
ـ يىلىنىڭ مەلۇم بىر كېچىسى يۇرۇڭنىڭ
دۈمسىنى تۇيۇقسىز ئاغرىپ كېتىدۇ. ئۇ
خاتىرجەم بولالماي 14 ـ دېكابىر يۇرتدىشى
بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى بىر دوختۇرخانى.
نىڭ ئاياللار بۆلۈمىگە بېرىپ ۋاڭ فامىلى.
لىك دوختۇرغا كۆرۈنىدۇ. دەسلەپ تەك.
شۈرۈشكە باشلىغاندا يۇرۇڭنىڭ بېدىنى
قايغاندىن باشقا ئالامەت بولمايدۇ، كېيىن
ئەۋرىتى بىر نىمە سانجىغاندەك بو.
لۇپ قاتتىق ئاغرىيدۇ، ئايلىنىپ
قالغىلى تاس قالىدۇ. تەكشۈرۈش تۈ.
گىگەندىن كېيىن ئۇ ئورنىدىن تۇر.
غاندا ماغدۇرسىزلىنىدۇ، ۋاڭ دوختۇر
كېسەل تارىخى دەپتىرىگە نىمىلەر.
نىدۇ ئىنتىنىڭ ـ ئىنتىنىڭ يازىدۇ،
ئاندىن يۇرۇڭغا، ھېچقانداق مەسىلە
يوقكەن، يەنە ئاغرىسا ئىچكى كې.
سەللىكلەر بۆلۈمىگە كۆرسىتىڭ،
دېدۇ. ئۇ ئاغرىقنى جىداپ يۇرتدى.
شىنىڭ يۆلەشتۈرىشى بىلەن ياتاققا
قايتىدۇ. ئۇ شۇ كۈنى ئاخشىمى
جىنسىي يولىدىن تۇق قىزىل قان
كەلگەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئادەت توختىغىلى
تېخى بىر نەچچە كۈنلا بولغان تۇرسا، بۇ
قانداق ئىشتۇ؟ دەپ ئەجەبلىنىپ، ياتاقدا.
شىغا ئېيتىدۇ، ياتاقدىشىمۇ گۇمان ئى.
لىپ، قىزلىق پەردىڭىز يىرتىلىپ كەتمە.
گەنمۇ ھە!؟ دېدۇ. يۇرۇڭ ئۆزىنىڭ پاكلىق
ئەھۋالىنى ئېنىق بىلىپ بېقىش ئۈچۈن
ھېلىقى دوختۇرخانىغا بېرىپ ۋاڭ دوختۇرغا
ئىسپات يېزىپ بېرىڭ، دېدۇ. ۋاڭ دوختۇر
مەسئۇلىيەتتىن قورقۇپ رەت قىلىدۇ. كې.
يىن، كېسەل تارىخى دەپتىرىگە ئاياللار بۆ.
لۈمىنىڭ ئامبولاتورىيە تامغىسىنى بېسىپ
بېرىدۇ. 16 ـ دېكابىر، يۇرۇڭ قانۇن دوخ.
تۇرىغا تەكشۈرتىدۇ. تەكشۈرۈش نەتىجە.
سىدە، ئۇنىڭ قىزلىق پەردىسىدە يېڭىدىن
ئىككى تۇشۇكچىنىڭ پەيدا بولغانلىقى،
باشقا كونا ئىزنىڭ يوقلىقى ئىسپاتلىنىدۇ.

17 ـ دېكابىر يۇرۇڭ 6 ـ قېتىم دوختۇرخا.
نىغا كېلىپ ۋاڭ دوختۇرنىڭ بىر نىمە دې.
يىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن ۋاڭ ئۆزىنى
كۆرسەتمىگەچكە ئىچكى كېسەللىكلەر
بۆلۈمىدىكى دوختۇر يۇرۇڭغا، قىزلىق
پەردىڭىزنى ھەقسىز ئەسلىگە كەلتۈرۈپ
بېرەيلى، يەنە 1000 يۈەن (300 يۈەن تەكشۈ.
رۈش ھەققىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تۆلەپ
بېرەيلى، دېدۇ. يۇرۇڭ ۋاڭنىڭ ئۆزىنى ئا.
لىغانلىقىدىن خاپا بولۇپ، مۇرەسسە قى.
لىشقا قوشۇلماي، ئالاقىدار ئورۇنلارغا
ئىپپەت ھوقۇقى ئۈچۈن 30 مىڭ يۈەن خەلق
پۇلى تۆلەم بېرىش توغرىسىدا ئەرز سۇنىدۇ.

ئاخبارات ۋاسىتىلىرى بۇ ئىشنى ئاش.
كارىلىغاندىن كېيىن، نۇرغۇن كىشىلەر
كۆڭۈل بۆلىدىغان تېمىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.
ئىپپەت ھوقۇقى ئاددىي ھالدىكى ئىپپەت
مەسىلىسى ئەمەس، نېيىز بىر قىزۇەت قىز.
لىق پەردىسى مەسىلىسىمۇ ئەمەس، بەلكى
ئۇ «ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدە.
سى» دا بەلگىلەنگەن ئىسىم ـ فامىلە
ھوقۇقى، سۈرەت ھوقۇقى، نام ئابرۇي ھو.
قۇقى قاتارلىق «5 ھوقۇق» بىلەن بىرلىكتە
قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىشى كېرەك. سۈن
يۇرۇڭنىڭ ئۆزىنىڭ ئىپپەت ھوقۇقى توغ.
رىسىدا ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلى.
شىنىڭ ئۆزى دۆلىتىمىز قانۇنلىرىنىڭ
كۈندىن كۈنگە مۇكەممەللىشىۋاتقانلىقى
ۋە پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ئېڭىنىڭ كۈچىيى.
ۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئۇنىڭ قىز.
لىق پەردىسىنىڭ زەخىملىنىشى ھەر.
كەت، ئىمگەك قاتارلىق سەۋەبلىك بول.
مايدىغان ئامىللار تۈپەيلىدىن كېلىپ
چىققان بولماستىن، بەلكى، ئادەم ئامىلى
تەرىپىدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان. دوخ.
تۇرخانا بۇنىڭغا ئادىل جاۋاب بېرىشى كې.
رەك.

ئىپپەت ھوقۇقى قانۇنىي كاپا.
لەتكە ئىگە قىلىنىشى كېرەك



خېيلۇڭجياڭلىق قىزچاق سۈن

FAZHIZONGHENG

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلىتىمىزدىكى گېزىت - ژۇرناللاردا جىنسىي پاراكەندىچىلىككە ئائىت ئىبارىلەر كۆپەيگىلى تۇردى. مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 32 ۋەكىلى بىرلىكتە «جىنسىي پاراكەندىچىلىككە قارشى تۇرۇش قانۇنى» تۈزۈش توغرىسىدا تەكلىپ سۇندى. ئەمەلىيەتتە، جىنسىي پاراكەندىچىلىك ماھىيەتتە ئاياللارنىڭ ئىپپەت ھوقۇقى مەسىلىسىگە چېتىلىدۇ، جىنسىي پاراكەندىچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى مەقسەتمۇ ئاياللارنىڭ ئىپپەت ھوقۇقىنى قوغداشتىن ئىبارەت.

يېقىندا بېيجىڭدىكى بىر چوڭ گېزىت ئاياللار ئۇچراۋاتقان جىنسىي پاراكەندىچىلىك مەسىلىسى توغرىسىدا بىر قېتىم مۇنازىرە ئۇيۇشتۇرغان. بىر ئايالنىڭ ئۆز كەچمىشىنى بايان قىلىشىچە، ئۇ تۇرالغۇ ئۆيى جىلدىيلىكى تونۇيېلىدىن بىر بىنادا ھەدىسى بىلەن قوشنا بولۇپ ئولتۇرغان. ئورگاندا ئىشلەيدىغان يېزنىسى يول مېڭىپ ئۇنى زاۋۇتتىن ئورگانغا يۆتكەپ قويغان. ئۇ يېزنىسىدىن تولىمۇ مىننەتدار بولغان. ھەدىسى كامانىدىروپكىغا، ئېرى كەچلىك ئىسمېنىغا كەتكەن بىر ئاخشىمى يېزنىسى ئىشىكنى چەككەن. ئىشىكنى ئېچىشىغا يېزنىسى كىرىپلا ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالغان ھەمدە سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، دېگەندەك ئېغىر شېكەر گەپلەرنى قىلغان. ئېنى چاغدا ئۇ ئازراق ئېرىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا يېزنىسىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغان. بۇنىڭدىن ئۇ ئايالنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىر خىل جىنسىي پاراكەندىچىلىككە ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. خۇشال بولۇشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇ ئايال يېزنىسىنىڭ جىنسىي تەلىپىنى رەت قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ ئۆزىنىڭ ئىپپەت ھوقۇقىنى ساقلاپ قالغان.

دۆلىتىمىزدە جىنسىي پاراكەندىچىلىك كەڭ خەلق جىددىي كۆڭۈل بۆلىدىغان ئومۇمىيۈزلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. جىنسىيەت مۇتەخەسسىسى لى يىنخېنىڭ قارىشىچە، 80% تىن كۆپرەك ئاياللار ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە جىنسىي پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىغان. دۆلەت سەھىيە، مېھمانخانا، مۇلازىمەت ساھەسى ۋە ئەدەبىيات سەنئەت ساھەسىدە بۇ ئەھۋال تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىكەن. چەت ئەل مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغان شىركەتلەر ۋە شەخسلەر ئىگىلىكىدىكى شىركەتلەردىكى خوجايىنلارنىڭ باللانما خادىملارغا، باشلىقلارنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە بولغان جىنسىي پاراكەندىچىلىكىمۇ بات-بات كۆرۈلۈپ تۇرىدىكەن. ئاياللار ئىپپەت ھوقۇقىنىڭ دەخلى تەرۇزغا ئۇچرىغانلىقىنى خىجىل بولۇپ دېيەلمەي ئىچىگە يۇتۇپ يۈرگەچكە، قانۇننىڭ كۈچى جارى قىلدۇرۇلمىدى. مەن بېيجىڭ، گۇاڭجۇ قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە زىيارەت قىلىش جەريانىدا، زور كۆپچىلىك زىيارەت قىلىنغۇچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىپپەت ھوقۇقىنىڭ دەخلى تەرۇزغا ئۇچرىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى، ئەمما ئىشداشلىرىنىڭ جىنسىي پاراكەندىچىلىكتىن ئاغرىنىشلىرىنى ئاڭلىغانلىقىنى، شۇنىڭغا ئوخشاش خەۋەرلەرنى كۆرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى بايقىدىم.

ئۇلار خىزمەت سورۇنلىرىدىكى جىنسىي پاراكەندىچىلىككە نىسبەتەن ئامالسىزلىق ھېس قىلىدىكەن، يەنە كېلىپ ياخشى كۆرگەن خىزمىتىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايدىكەن. مەلۇم بىر تېلېفونىست قىز ھەر كۈنى كېچىلىك ئىسمېنىغا كەلگەندە باشلىقى ئۇنى پاراكەندە قىلغان، ئۇ 3 قېتىم ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغاندا قۇتقۇزۇۋېلىنغان. باشلىقى يەنىلا بولدى قىلمىغان. ئاتا ئانىسى، يىگىتى ۋە خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، ئۇنى ئەيىبلەپ، ئۆزى شاللاق بولمىسا، خەق باشقىلارغا چېقىلماي ئۇنىڭغىلا چېقىلامدۇ؟ دېگەن. بېيجىڭ ئاياللار تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى ۋاڭ شىڭجۇەن خانىم ئېيتقانىدەك بۇ ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەنلىك، توغرا ئەمەس؛ ئەمەلىيەتتە، بۇ تېلېفونىست قىزغا ئوخشاش قىسمەتكە ئۇچراۋاتقان ئاياللار ئاز ئەمەس، مەسىلەن، سەنئەت ساھەسىدىكى ئايال سەنئەتچىلەر داڭقىنى چىقىرىش ئۈچۈن «قۇربان بېرىش»كە، ئايال خىزمەتچىلەر خىزمەتتە يول تېپىش ئۈچۈن باشلىقىغا خۇشامەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ... ئۇلارنىڭ جىنسىي پاراكەندىچىلىككە تۇتقان پوزىتسىيىسى ھەرخىل، كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتلەرمۇ زور ھەم پەرقلىق. ئاۋۋال ئىگىلىكى دەۋرىدە، ئاياللارنىڭ ئىپپىتىمۇ ئاۋارىلىشىۋاتىدۇ، بۇ ئاياللار تىراگېدىيىسى.

## ئىپپەت ھوقۇقى ۋە جىنسىي پاراكەندىچىلىك

ئىككى تەرەپ بىردەك پىكىرگە كېلەلمە-

گەچكە، سۇن يۇزۇڭ دېلوسى ئاخىرلاشمىدى، مەن بۇ دوختۇرخانىنى زىيارەت قىلغاندا، دوختۇرخانا مەسئۇلى سۇن يۇزۇڭنىڭ قىزلىق پەردىسىنىڭ دوختۇرخانا خادىمى تەرىپىدىن يىرتىۋېتىلگەنلىكىنىڭ پاكىتىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە بىر تەرەپ قىلىش جەريانى باشقىچە پىكىردە بولدى. دوختۇرخانا تەرەپ: ۋاڭ دوختۇر 10 نەچچە يىللىق دوختۇرلۇق تەجرىبىسىگە ئىگە، ئۇ سۇن يۇزۇڭنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن تەكشۈرگەن دېگەننى تەكىتلەپ تۇرۇۋالدى ھەمدە 3000 يۈەن تۆلەم بېرىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ قىزلىق پەردىسىنى مەخسۇس ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، سۇن يۇزۇڭ بۇنىڭغا قوشۇلماي، قانۇن ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىپپەت ھوقۇقى مەسىلىسىنى ھەل قىلىمەن، دېدى.

دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇنىنىڭ 38 - ماددىسىدا: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرىنىڭ كىشىلىك ئەركىنلىكى ۋە كىشىلىك ئىززىتى دەخلىسىزدۇر، پۇقرالارغا ھەرقانداق يول بىلەن ھاقارەت كەلتۈرۈش مەنئى قىلىنىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. ئىپپەت ھوقۇقىنىڭ دەخلى تەرۇزگە ئۇچرىشى ئاياللارنىڭ ئىززىتى ۋە مەنىۋىيىتىنىڭ زىيانغا ئۇچرىغانلىقى بولۇپ، بۇ روشەن ھالدا قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىق. بىراق، جۇڭگولۇقلار تارىختىن بۇيان، جىنسىي ئىشلاردا سىر ساقلاپ كەلگەن، نۇرغۇن ئاياللار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن، دەردىنى ئىچىگە يۇتىدۇ، دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىپپەت ھوقۇقىنىڭ دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىغانلىقىنىمۇ ئېنىق ئايرىيالمايدۇ، كۆپ سانلىق ئاياللار «زورلۇق» يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى «يۇمشاق»لىق بىلەن ئېرىشىلىنگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىشىنى قايىل قىلغۇدەك پاكىت ئاساس يوق. يەنە كېلىپ، بۇنداق ئىشلاردا تايانغىدەك قانۇن يوق. جەمئىيىتىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەر قانۇندىكى بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ ئاياللارنى ئەخمەق قىلىپ يۈرمەكتە، تۇتۇلۇپ قالسىمۇ سوتقا تارتىلماي، يەنىلا ئەخلاق ۋە جامائەت پىكرىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ، خالاس.

ھامۇتجان ھېكىم (ت)





# شىنجاڭدا باندىت تازىلاش



لى باۋشېڭ

(بېشى ئۆتكەن سانلاردا)

## باركۆلدىكى 40 كۈن

*پولات 2 - لېيەننىڭ قەھرىمانلىق كۆر-
ستىشى
ئاسىي باندىتلارنى غەلىبىلىك تازىلاش
ئوسمانىنىڭ گەنسۇدا قولغا چۈشۈشى*

باركۆل قۇمۇلنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر كىچىك تاغلىق ناھىيە.

3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، 6 - ۋن 16 - شى 46 -تۈەن 1 - يىڭ 2 - لېيەنى مۇئاۋىن يىڭجاڭ خۇ چىڭسەننىڭ يېتەكچىلىكىدە باركۆلگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. قوشۇن ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن بۇ چەت كىچىك ناھىيىنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆز-گەرتىش ئۈچۈن دەرھال ئاممىۋى خىزمەتنى قانات يايدۇرۇش بىلەن بىرگە بوز يەر ئېچىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللاندى. ل-يەنجاڭ جاۋ فۇگۇي 26 جەڭچىنى باشلاپ باي ۋە نومغا باردى. مۇئاۋىن يىڭجاڭ خۇ چىڭسەن بىلەن سىياسىي يېتەكچى ۋاڭ يىڭيۈلەر 115 كىشى بىلەن باركۆلنى قوغداشقا قالدى.

باركۆل نوپۇسى 10 مىڭغا يەتمەيدىغان كىچىك ناھىيە بولسىمۇ، لېكىن ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. ئۇ شىمالدا تاشقى موڭغۇلى-يە، شەرقتە گەنسۇ، غەربتە قۇمۇل بىلەن تۇتىشىپ قالماي، بەلكى باركۆلدىن ئۈدۈل ئۈرۈمچىگە بارغى-لى بولىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت باركۆلدە گومىنداڭ قۇرغان تەمىنات ئىسكىلاتى بار بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆپلىگەن قورال - ياراغ، ئوق - دورا ۋە ئەسلىھەلەر بار ئىدى. بۇنىڭدىن ئارمىيىمىز خەۋەردار بولغاچقا شى، تۇەن ئىككى دەرىجىلىك رەھبەرلىك باركۆلگە قوشۇن ئەۋەتىشتە مۇداپىئەگە ماھىر، ھۇجۇمغا قابىل بولغان، ئۇرۇش يىللىرىدا كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەن قىزىل ئارمىيە لېيەنى 2 - لېيەننى ھەمدە يەم -پاراسەتلىك، باتۇر مۇئاۋىن يىڭجاڭ خۇ چىڭ-سەننى قوشۇنغا يېتەكچى قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. شۇنداقلا ئۇلارغا مىنامىيوت، يېنىك ئېغىر تىپلىق پىلىموت قاتارلىق قوراللارنى سەپلەپ بەرگەنىدى.

ئەبەيدۇللا قۇمۇلدا بولۇۋاس، ئوسمانلارنىڭ تاپ-



شورۇقىنى ئالغاندىن كېيىن قىن قىنىغا پاتماي قالدى. ئۇ ئۆززۈمىنى كۆرسىتىدىغان پەيت كەلدى دەپ، قومۇلدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئادەملىرىنى توپلاپ 3 كۈن ئىچىدە بارىكۆلنى قولغا ئېلىش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

تەڭرىنىڭمۇ يامانغا يان تاياق بولىدىغان چاغلىرى بولىدۇ. باش باھار كىرىپ ھاۋا ئىللىپ قالغانىدى. لېكىن، 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تۇيۇقسىز ھاۋا ئۆزگىرىپ، شىمال شاملى خۇددى بۆرىدەك ھۇشقىنىپ، ئەتراپنى چاڭ - توزان قاپلاپ، شېغىل - تاشلار تاراسلاپ ئۇچۇشقا باشلىدى. ئارقىدىنلا لەپىلدەپ قېلىن قار يېغىشقا باشلىدى. ئەبەيدۇللا قار شىۋىرغاننىڭ ھىمايىسىدە باندىتلارنى باشلاپ ئۆۋۈسىدىن چىقتى. ئۇلار ئالدى بىلەن بېيسەن ۋە نەنسەن پوتەيىنى ئىگىلەپ، بېيسەننىڭ شەرقىدىكى پوتەيگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ پوتەيدىكى 5 - بەننىڭ مۇئاۋىن بەنجاڭى قۇربان بولدى. باشقا جەڭچىلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى يارىدار بولدى. پوتەي قولدىن كەتتى. باندىتلار ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا ئۇچ بازىنى ئىگىلەپ، يۈرىكى چوڭلاپ كەتتى. ئۇلار پىلىموتنىڭ ھىمايىسىدە 2 - لىيەن گازارمىسىغا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كەلدى.

بۇ چاغدا، 2 - لىيەن جەڭچىلىرى ئەتىگەنلىك گىمناستىكا ئويناۋاتاتتى. ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان خۇ چىڭسەن باندىتلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىنى پەملىدە، دەرھال جەڭگە تەييارلىنىش قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

كۆپ ئۆتمەي باندىتلار ئۇمۇچۇكتەك يېيىتىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پىيادە، بەزىلىرى ئاتلىق ئىدى. قارىغاندا، ئۇلار ئۇچ بازىنى ئاسانلا ئىگىلىۋېلىشقانلىقىدىن كۆرەڭلەپ كەتكەندەك قىلاتتى.

2 - لىيەن ئىستىھكامىدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇردى. باندىتلار يېقىنلىشىپ 800 مېتىردەك ئارىلىق قالغاندا خۇ چىڭسەن: «2 - پەي، زەربە بېرىشكە تەييارلىنىڭلار!» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

2 - پەينىڭ پەيجاڭى جۇ كېجيەن بىر قەدەم ئالدىغا چىقتى. ئۇنىڭ كەينىدە 4 - بەن، 5 - بەن ۋە زەمبىرەكچىلەر بەنىنىڭ بولۇپ 28 جەڭچى رۇسلىنىپ تۇردى.

جەڭچىلەر مىلتىقلىرىنى بەتلەپ، دۈشمەننى قارىغا ئېلىپ بۇيرۇق كۈتمەكتە.

جۇ كېجيەن ئاكوپتا باندىتلارنى كۆزىتىپ، كۆڭلىدە دۈشمەن بىلەن بولغان ئارىلىقنى ھېسابلىدى. باندىتلار يېقىنلىشىپ 600 مېتىردەك قالغاندا ئۇ: «60 تىپلىق زەمبىرەك تەييارلانسۇن، 500 مېتىر ئارىلىققا ئېتىلسۇن!» دەپ بۇيرۇق قىلدى.

زەمبىرەك ئوقى باندىتلار ئارىسىدا پارتلىدى. ئارقىدىنلا پىلىموت ئوقلىرى تاراسلاپ ئېتىلدى. باندىتلار خۇددى ئۆۋىسى بۇزۇلغان ھەرىلەردەك بېيسەن پوتەيىنى تاشلاپ، تەرەپ تەرەپكە قاراپ قېچىشتى.

بېيسەن پوتەيى 2 - لىيەننىڭ ئىستىھكامى بولۇپ، ناھىيە بازىرىنى قوغداشتىكى كۆزنەك ئىدى. بېيسەن پوتەيىنىڭ قولدىن كېتىشى 2 - لىيەنگە زور ئاپەت ئېلىپ كەلگەنىدى.

«باندىتلارنى يوقىتىپ، بېيسەننى قايتۇرۇۋېلىش» خۇ چىڭسەننىڭ ئىرادىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى 2 - لىيەندىكى بارلىق جاڭچىلەرنىڭ ئارزۇسى ئىدى. ۋاھالەنكى، 2 - لىيەننىڭ ھازىرقى شارائىتى ئىنتايىن مۇشكۈل بولۇپ، 115 ئادەمدىن ئاشقىنى - سىلاق ۋە مۇلازىمەت خادىملىرىنى چىقىرىۋەتكەندە جەڭگە چىقىدىغان ئادىمى 100 گىمۇ يەتمەيتتى. يەنە كېلىپ، ئۇلار بىر قانچە جايدىكى پوتەي ۋە قاراۋۇلخانىلارغا تارقالغانىدى.

2 - پەينىڭ پەيجاڭى جۇ كېجيەن خۇ چىڭسەننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن قاچقۇن باندىتلارنى قوغلاپ يوقىتىش بىلەن بىرگە بېيسەن بازىسىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئاتلاندى. بېيسەن بازىسىدا كەم دېگەندىمۇ نەچچە يۈز دۈشمەن بار بولۇپ، ئۇ يەرگە ئېگىز تاغ داۋان، خەتەرلىك يوللارنى بېسىپ ئاندىن بارغىلى بولاتتى. ئادىمى 30 غىمۇ يەتمەيدىغان بىر پەينىڭ ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولغان دۈشمەننى يوقىتىپ، ئېگىز چوققىدىكى بازىنى قايتۇرۇۋېلىشى ھەقىقەتەن قىيىن ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى، 2 - پەيدىكى جەڭچىلەرنىڭ كۆپى نۇرغۇن جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ تاۋلانغان پىششىقەدەم جەڭچىلەر ئىدى.

جۇ كېجيەن 2 - پەيدىكى جەڭچىلەرنى باشلاپ تاغ چوققىسىنى ئىگىلىدى. مىناميوت، زەمبىرەك ۋە پىلىموت ئوقلىرى كۆكنى قاپلاپ، دۈشمەن ئىلگىلىدىكى پوتەيگە قاراپ ئۇچتى. دۈشمەنلەر ئۆلەر تىرىلىشىگە باقماي قېچىشقا باشلىدى.

بېيسەن پوتەيىنىڭ قايتۇرۇۋېلىنىشى 2 - لىيەننىڭ مۇشكۈلاتىنى يەڭگىللىتەلمىدى. باندىتلار بېيسەندىكى ئاساسىي بازىنى قولدىن بېرىپ قويغاندىن كېيىن، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ 2 - لىيەن گازارمىسىغا ھۇجۇم قوزغىدى. بۇ چاغدا، گازارمىدا مۇئاۋىن يىڭجاڭ خۇ چىڭسەن، 1 - پەينىڭ پەيجاڭى لى جىنجياڭ ۋە 9 - بەندىكى 10 نەچچەيلەنلا بار ئىدى. مەيلى سان ياكى قورال - ياراغ جەھەتتىن بولسۇن دۈشمەن مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى. يەنە كېلىپ يەر شارائىتىمۇ دۈشمەنگە پايدىلىق ئىدى.



خۇ چىڭسەن ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ دۈشمەن ئالدىدا سوغۇققانلىق بىلەن ئويلاندى، بارىكۆلدىكى ئەھۋاللارنى

يۇقىرىغا دوكلات قىلىش ئۈيىغا كەلدى. ئۇ تېلېفون بېرىۋىدى، قارشى تەرەپتىن سادا كەلمىدى. شۇندىلا ئۇ دۈشمەننىڭ تېلېفون سىملىرىنى ئۈزۈۋەتكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتىدا ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەن قوشۇنىمىزدىكى بىر يولداشتىن باندىتلارنىڭ ناھىيە بازىرىدىكى خەلقنى تەھدىت بىلەن ئېلىپ كەتكەنلىكىنى، بارىكولنىڭ قورۇق بازارغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى بىلدى. ئەبەيدۇللا ئارمىيىمىز بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا بىر خەندەك پەيدا قىلىپ قويغانىدى.

باندىتلار ھۇجۇم قوزغىدى. سەپنىڭ ئالدىدا پىيادە باندىتلار، كەينىدە بولسا ئاتلىق باندىتلار كېلىۋاتاتتى. ئەبەيدۇللا ئات ئۈستىدە قىلىچىنى ئوينىتىپ، باندىتلار ئارىسىدا چېپىپ يۈرۈپ: «قېرىنداشلار، بۇ يەردە قىزىل پاچاقلار كۆپ ئەمەس، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار، بىرنى ئۆلتۈرسەڭلار 10 قوي بىلەن تارتۇقلايمەن، بىر ئەمەلدارنى ئۆلتۈرسەڭلار 100 كۈمۈش تەڭگە بېرىمەن، قېنى، ھۇجۇمغا ئۆتەيلى!»، دەپ توۋلايتتى. باندىتلار قوي ۋە كۈمۈش تەڭگىنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن يوپۇرۇلۇپ كەلدى.

«جەڭگە تەييارلىنىڭلار! بۇيرۇق چۈشمىگىچە ئوق چىقىرىشقا رۇخسەت يوق!»، دېدى خۇ چىڭسەن جەڭگە ئاتلىنىشقا ئالدىراپ تۇرغان جەڭچىلەرگە قاراپ.

باندىتلار ئوق ئاۋازى چىقمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئارمىيىمىزنى قورقتى دەپ ئويلىدى بولغاي، ئۇلار بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ كېلىۋاتاتتى. 200 مېتىر، 100 مېتىر، 50 مېتىر ... خۇ چىڭسەننىڭ «ئېتىڭلار!» دېگەن بۇيرۇقى بىلەن تەڭ پىلىموتلاردىن ئوق يامغۇردەك قۇيۇلدى. بومبىلار ئۈزۈلمەي تاشلاندى. ئاقىۋەت، باندىتلار 2 ـ ليەن گازارمىسى ئالدىدا 10 نەچچە جەسەتنى قالدۇرۇپ كەينىگە چېكىنىشكە باشلىدى.

باندىتلار تولىمۇ قۇۋ ئىدى. ئۇلار گازارمىغا ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلىش بىلەن بىرگە يەنە بىر قىسىم باندىتلار ياندىن ساقچى ئىدارىسىگە ھۇجۇم قىلىشقا ھەرىكەتلىنىۋاتاتتى.

ساقچى ئىدارىسى بىلەن 2 ـ ليەن گازارمىسىنىڭ ئارىلىقى 20 مېتىردەك كېلەتتى. ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا بىر نەچچە قورۇ بار ئىدى. باندىتلار «جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا» دېگەندەك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئامبىرىدا ساقلىنىۋاتقان قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلارغا كۆز تىككەنىدى.

2 ـ ليەن بارىكولگە ئورۇنلاشقىنى بىلەن تەڭ 16 ـ شى بارىكولگە خىزمەتچى خادىملارنى ئەۋەتىپ، «ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتى» قۇرغانىدى. ساقچى ئىدارىسىمۇ سىياسىي يېتەكچى يولداش سۇن چىڭلىننى ئاجراتقانىدى. باندىتلار توپىلاڭ قوزغاشقا باشلىغاندا، سۇن چىڭلىن ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتى ۋە ساقچى ئىدارىسىنىڭ ساقچىلىرىدىن بولۇپ 50 نەچچە ئادەمنى تەشكىللەپ ۋە ئۇلارنى قوراللاندۇرۇپ، ساقچى ئىدارىسىنى قوغداۋاتاتتى.

كەچ كىرىش بىلەن بوران توختىدى. لېكىن، قار يەنىلا يېغىۋاتاتتى، باندىتلار تۈن قاراڭغۇسىدا ئاستا ئاستا ساقچى ئىدارىسىغا قاراپ يۆتكەلدى. ئۇلار نۇرغۇن ئادەم ۋە كۈچلۈك ئوت كۈچى بىلەن ھەش ـ پەش دېگۈچە ئىككى پوتەينى ئىگىلىۋالدى. قورال ئامبىرى خەۋپتە قالدى. سۇن چىڭلىن خىزمەت كومىتېتى ئەزالىرى ۋە ساقچىلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئامبارنى قولدىن بېرىپ قويدى.

باندىتلار ئەسەبىيلەشتى. ئۇلار ساقچى ئىدارە بىناسىنىڭ ئۆگزىسىدە گومىنداڭ بايرىقىنى لەپىلدىتىپ، ئالا ـ تاغىل توۋلىشىپ، 2 ـ ليەن گازارمىسىغا خىرىس قىلماقتا ئىدى...

خۇ چىڭسەن ئاچچىقىدا يېرىلىپ كېتەي دەپ قالدى. ئۇ بىر جەڭچىنىڭ قولىدىن ئاپتوماتنى ئالدى، دەرغەزەپ بىلەن باندىتلارغا ئوق ياغدۇردى. ئارقىدىنلا ياڭ فىڭسەن، لى جيەنجياڭ، ياڭ چىڭباۋ، ياڭ جىشەن قاتارلىق 9 جەڭچىنى باشلاپ، دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى توختىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بومبا بىلەن يول ئېچىپ، قاتمۇ قات توساقلاردىن ئۆتۈپ، ساقچى ئىدارىسىگە قاراپ ئاتلاندى.

باندىتلار 2 ـ ليەن گازارمىسىدا 10 نەچچىلا ئادەمنىڭ بارلىقىنى بىلىپ تېخىمۇ غالجىرلاشتى. ئۇلار 2 ـ ليەنگە ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە: «ئاڭلاپ قويۇش، بىز باي ۋە نومدىكىلەرنى يوقاتتۇق، ئەمدى تەسلىم بولمىساڭلار ئۇلارغا ئوخشاش ئاقىۋەتكە قالىسىلەر»، دەپ توۋلاشتى.

خۇ چىڭسەن بۇنى ئاڭلاپ راست ـ يالغانلىقىنى جەزملەشتۈرەلمىسىمۇ، لېكىن بۇ ۋەھشىي باندىتلارنىڭ قىلمىشىدىن جاۋ لىيەنجاڭ قاتارلىقلارنىڭ پايدىسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىدە، «ئۇلارغا قاتتىق زەربە بېرەيلى!» دەپ توۋلىغىنىچە، ئالدى بىلەن ھېلىقى كارنىيى يىرتىلغىچە توۋلىغان باندىتنى ئېتىپ تاشلىدى.

باندىتلار يالغان ئېيتمىغانىدى. ئەبەيدۇللا بارىكولدە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتكەندە، يولۋاس ئېبلىس قولىنى باي يېزىسى ۋە نومغا سوزغانىدى. باندىتلار قوشۇنىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت قېرىنداشلىرىغا بولغان ئىشەنچ ۋە ھىمايىسىدىن پايدىلىنىپ، 2 ـ ليەننىڭ لىيەنجاڭى جاۋ فۇگۇي، مۇئاۋىن پەيجاڭ گۇ رۇيخۇالارنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى.



2 كۈن ئىچىدىلا باي يېزىسى ۋە نومدا بوز يەر ئېچىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان 26 نەپەر كادىر ـ جەڭچى قەھرىمانلارچە قۇربان بولغانىدى.

بارىكۆل ناھىيە بازىرىدىكى جەڭ كەسكىن داۋاملاشماقتا.

خۇ چىڭسەن 9 ـ بەنگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ساقچى ئىدارىسىدا باندىتلار بىلەن قاتتىق ئېلىشىۋاتقاندا، تەمىنات پونكىتىغا 100 دىن ئارتۇق باندىت يوپۇرۇلۇپ كەلدى. ئۇلار ئەبەيدۇللانىڭ ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدە قوشۇنىمىزغا قارىتىپ ئوق چىقىرىپ، ھەش ـ پەش دېگۈچە پوتەينىڭ ئالدىدىكى خەندەككە ھۇجۇم قىلدى. 8 ـ بەن جەڭچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قۇربان بولدى ۋە يارىدار بولدى. قالغانلىرى ئىلاجىسىزلىقتىن خەندەكتىن پوتەيگە چېكىنىۋالدى.

ئۇ باندىتلارنىڭ تەمىنات پونكىتىغا ھۇجۇم قىلغانلىقى ھەققىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇچىڭسەننىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، غەزىپى قايناپ تاشتى. شۇڭا ئۇ 9 ـ بەنگە دۈشمەن بىلەن ئاخىرقى بىر ئادىمى قالغىچە ئېلىشىپ، تەمىنات پونكىتىنى قوغداش ھەققىدە كەسكىن بۇيرۇق چۈشۈردى.

بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن، خۇ چىڭسەن قاتارلىقلار 8 ـ بەننىڭ ئىستىھكامىغا كىرىپلا پىلىموت، مىلتىق، بومبىلارنى تەڭ ئىشقا سېلىپ، دۈشمەنگە ئوت ئاچتى. باندىتلار جېنىنىڭ بېرىچە قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن، قوشۇنىمىزنىڭ كۈچلۈك زەربىسىدە جەسەتلىرىنى تاشلاپ، تاغ ئىچىگە قېچىشقا مەجبۇر بولدى.

تۈن يېرىمىدا، نەنسەنگە يوشۇرۇنغان دۈشمەننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى 7 ـ بەن تۇرۇۋاتقان پوتەيگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئۈستى ئوچۇق پوتەي بولۇپ، پوتەيدە پەقەت 1 بەن ئەسكەرلا بار ئىدى. تۈن قاراڭغۇسىدا دۈشمەن تېزلىكتە پوتەيگە يېقىنلاشتى. بىر بومبا پوتەيگە چۈشتى. جەڭچى بەي ليەنچىڭ چەبدەسلىك بىلەن ئىس چىقىۋاتقان بومبىنى يەردىن ئالدىدە، قايتۇرۇپ دۈشمەنگە ئاتتى. «گۈم» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر نەچچە باندىت يەر چىشلىدى. ئارقىدىنلا پوتەيگە يەنە 2 دانە بومبا چۈشتى. بەي ليەنچىڭ بايىقىدەك چاققانلىق بىلەن بىر بومبىنى دۈشمەنگە قايتۇرۇپ ئاتتى. ئۇ يەنە بىرسىنى ئالدى ـ دە، ئېتىشقا تەمشەلگەندە بومبا پارتلاپ كەتتى...

خۇ چىڭسەن دۇربۇن بىلەن 7 ـ بەننىڭ دۈشمەن بىلەن قاتتىق ئېلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرغانىدى. 7 ـ بەن ئىستىھكامىدا مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچى لو جۈگىلىندىن باشقا ساناقلىقلا ئادەم بار ئىدى.

خۇ چىڭسەن بۇ ئېغىر ئەھۋالنى جەڭچىلەرگە ئەينەن ئېيتىش لازىملىقىنى ھېس قىلىپ، جەڭ ئارىلىقىدا پارتىيە ياچېيكا كېڭەيتىلگەن يىغىلىشىنى ئاچتى. خۇ چىڭسەن دۈشمەن بىلەن ئۆز ئەھۋالى ۋە 2 ـلىيەننىڭ مۇشكۇلاتىنى ئاددىي، ئېنىق قىلىپ سۆزلىگەندىن كېيىن، سىياسىي يېتەكچى ۋاڭ پىڭيۇ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىشنىڭ ئىككى خىل چارىسى ئۈستىدە توختالدى. بىرىنچى خىل چارە: نوم تەرەپكە توختاۋسىز زەربە بېرىپ، ئاندىن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىگە يۆتكىلىش ئىدى. بۇنداق قىلغاندا، مۇساپە ئۇزۇن بولغانلىقتىن، ئائىلە تاۋابىئات ۋە يارىدارلارنى بىللە ئېلىپ كېتىش ئەپسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئارىلىقتا باندىتلارنىڭ بۆكتۈرمىسى بولۇپ، بۇ يول بىلەن مېڭىش مۇمكىن ئەمەس. يەنە بىرى، تۇزكۆل ئارقىلىق بارىكۆلگە بېرىپ، چوڭ قوشۇننى ئىزدەش ئىدى. لېكىن، يول بويى ئېگىز تاغلاردىن ئېشىشقا توغرا كەلگەچكە، دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسىگە ئاسانلا چۈشۈپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. شۇڭا، كۆپچىلىك ئۇزۇق تۈلۈك، ئوق دورىلارنى غەملەپ، ئىستىھكامنى چىڭ ساقلاپ ياردەم كۈتۈش قارارىغا كەلدى. يىغىن يەنە ھەر بىر كىشى 6 كۈنلۈك ئۇزۇق، 200 پاي ئوق ھازىرلاپ، گېزى كەلگەندە قورشاۋنى بۆسۈپ ئۆتۈش تەييارلىقىنى قىلىپ قويۇشنى بېكىتتى.

يىغىندىن كېيىن، خۇ چىڭسەن 7 ـ بەنگە ياردەم بېرىش قارارىغا كەلدى. ئۇ قاراپ تۇرۇپلا مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچى ۋە باشقا جەڭچىلەرنىڭ باندىتلارنىڭ يەمچۈكى بولۇپ قېلىشىنى زادى خالىمايتتى. ئۇ سىياسىي يېتەكچى ۋاڭ پىڭيۈنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ: «بىز كونا سەپداشلاردىن بولۇپ قالدۇق، بىر بىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئوبدان چۈشىنىمىز. ناۋادا ئۆلۈپ كەتسەم، سىز 2 ـ لىيەنگە قوماندانلىق قىلىپ، بارىكۆل بازىرىنى چوقۇم ساقلاپ قېلىڭ ...»، دېدى.

باندىتلار نەنسەن، بېيسەنلەردە زور چىقىم تارتقان بولسىمۇ، لېكىن ھۇجۇمنى توختاتمىدى. ئوسمان، يولۋاسلار ئەبەيدۇللاغا 3 كۈندە بارىكۆلنى ئېلىشقا بۇيرۇغانىدى. ئالاھەزەل 10 كۈن ئۆتۈپ كەتتى، بارىكۆل بازىرىنىڭ تاغ چوققىسىدا بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق لەپىلدىمەكتە ئىدى. ئەبەيدۇللا 2 ـ لىيەن بازىسىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەممە ھىيلە نەيرەڭنى ئىشلىتىپ باقتى.

باندىتلار بارىكۆل دەرياسىنى توسۇپ، 2 لىيەننىڭ سۇ تۈگمىنىنى توختىتىپ قويدى. جەڭچىلەر قورۇق بۇغداي يېيىشكە مەجبۇر بولدى، ھەر قايسى بازىلاردىكى زاپاس سۇمۇ كۈنسايىن ئازىيىۋاتاتتى. سۇ بىلەن مۇزلۇتۇشقا توغرا



كېلىدىغان ماكسىم پىلىموتمۇ سايراشتىن توختىدى. جەڭچىلەر ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشقا ئىشلىتىدىغان سۇنى ماكسىم پىلىموتنى مۇزلۇتۇشقا قالدۇرۇپ قويدى،...سۇ، 2 ـ لىيەننىڭ بازىنى ساقلاپ، ھايات قېلىشىدىكى ھالقىلىق مەسىلىگە ئايلانغانىدى.

دەسلىپىدە، جەڭچىلەر كېچىلىرى دەريا قېنىدا تۇرۇپ قالغان ئازغىنە سۇنى سۇدانلىرىغان قاچىلاپ، ھەر قايسى بازىلارغا توشۇغانىدى. ۋاھالەنكى، ھىيلىگەر باندىتلار بۇنى تۇيۇپ قېلىپ سۇغا بارغان جەڭچىلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتتى...

خۇ چىڭسەن ئادەم ئەۋەتىپ بىر نەچچە سوغا ياسىتىپ، تۆگە بىلەن سۇ توشۇدى. بۇمۇ سېزىلىپ قالغاندىن كېيىن، تۆگىلەر باندىتلار تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلدى ۋە ئۆلتۈرۈلدى.

بۇنداق جىددىي ئەھۋالدا خۇ چىڭسەننىڭ كاللىسىغا بىردىنلا جەڭ ئېتى كەلدى. ئات ئەقىللىق، چەبدەس ھايۋان، شۇنداقلا ئۇ جەڭچىلەرنىڭ تىلسىز دوستى ئىدى. خۇچىڭسەن 2 ـ لىيەننىڭ بىر چىلانتوتۇق ئېتىنى تاللىۋالدى ـ دە، ئۇنى سۇ توشۇش ئىشىغا ئىشلەتتى.

ئات يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى، خۇ چىڭسەن جەڭچىلەرنىڭ ئۇنىڭغا قالدۇرۇپ قويغان، لېكىن يىپىشكە كۆزى قىيمىغان بىر ھورناننى ئاتقا يېگۈزدى ۋە ئاتنىڭ بېشىنى يېنىككىنە سىلاپ: «ـ ھەممە ئۈمىد سېنىڭدە قالدى»، دېدى.

چىلانتورۇق «سەپداش»لىرىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىدى. ئۇ باندىتلاردىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، سۇنى بېسەنگە ئامان ئېسەن ئاپاردى. جەڭچىلەر ئاتلىق سۇنى ئىچىپ ئىختىيارسىز ھالدا ئاتنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ يىغلىۋەتتى...

«تىلسىز سەپداش» چىلانتورۇقنىڭ تۆھپىسى بىلەن 2 ـ لىيەن 40 كۈن بەرداشلىق بەردى.

بارىكۆلنى قوغداش جېڭى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن چىلان تورۇق ئات 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىندى. تۆھپىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا، 2 ـ لىيەندىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر بىر يوغان قىزىل گۈلنى ئاتقا تاقاپ، قىزىل شەلپەر باغلىدى. چىلانتورۇق ئۆلگەندىن كېيىن جەڭچىلەر ئۇنىڭغا ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ۋە ئۇنى غالىبىيەت چوققىسىغا دەپنە قىلدى. 1978 ـ يىل، بارىكۆل ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزىدىكى گۈللۈكتە ئۇنىڭ ھەيكىلى ئورنىتىلدى.



بارىكۆلگە ئورۇنلاشقان 2 ـ لىيەن بىلەن ئاساسىي قوشۇننىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغانلىق خەۋىرى جۇن، شىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. شىمالىي شىنجاڭ باندىت تازىلاش قوماندانى، 6 ـ جۇڭنىڭ جۇڭجاڭى لو يۈەنفا 16 ـ شى 48 ـ تۈەنگە قوشۇن تەشكىللەپ بارىكۆلنى قورشاۋدىن قۇتقۇزۇش ۋە باندىت تازىلاش قوشۇنىغا ماسلىشىپ ئوسمان، يولۋاس باندىتلىرىنى يوقىتىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ياردەمگە ئەۋەتىلگەن قوشۇن 300 گە يېقىن ئادەم بولۇپ، مىناميوت، ئېغىر تىپلىق پىلىموتلار بىلەن قوراللانغانىدى. ئۇلار 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تۈەن سەنمۇجاڭى ۋاڭ سولۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە قۇمۇلدىن يولغا چىقىپ، بېيخې ئەتراپىغا يېتىپ كەلگەندە، باندىتلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت زەربىسىگە ئۇچراپ كەسكىن جەڭ بولدى. ئارمىيىمىز غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدى.

يولۋاس ياردەمگە قوشۇن ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئاللىقاچان ئاڭلىغانىدى. باندىتلار بىر تەرەپتىن كۈچلىرىنى تەشكىللەپ يوشۇرۇن ھالەتكە ئۆتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بىر قىسىم باندىتلارنى پادىچى سىياقىدا بارىكۆلگە بارىدىغان يول ئەتراپىغا تارقاقلاشتۇردى.

كۆپ ئۆتمەي رازۋېدكىغا كەتكەنلەر قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ خەۋىرىدە 2 ـ لىيەننىڭ باي يېزىسىغا يۆتكىلىپ كەتكەنلىكى ئېيتىلغانىدى. لېكىن، بۇ خەۋەر ھېلىقى پادىچىلار سىياقىغا كىرىۋالغان باندىتلار تەرىپىدىن ئىگىلەنگەنىدى. ئەمما، ئەينى چاغدا بۇنى ھېچكىممۇ بايقىيالمىغانىدى.

سەنمۇجاڭ ۋاڭ سولۇ بۇ ئاخباراتقا دەرگۇمان بولۇپ تۇرغاندا، ئالدىدىكى تاغ چوققىسىدىن باندىتلارنىڭ جارقىراشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى: «ئازادلىق ئارمىيە، 2 ـ لىيەنڭلارنى يوقۇتىۋەتتۇق، نوم، ۋە باي يېزىسىدىكى جاۋ فامىلىلىكمۇ خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتتى. سىلەرمۇ قورشاۋدا قالدىڭلار، تېزدىن قوراللىڭلارنى تاشلاڭلا!». بۇ ئاۋاز بىلەن تەڭ باندىتلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ تاغدىن چۈشتى.

بىردىنلا ئەھۋالدا جىددىي ئۆزگىرىش بولدى. ئارمىيىمىزگە ئەھۋال نائېنىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەر شارائىتى پايدىسىز ئىدى. ۋاڭ سولۇ تەييارلىقسىزلا جەڭگە ئاتلىنىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار باندىتلار بىلەن ئېتىشقاچ چېكىندى. چېكىنىۋېرىپ بىر ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالغىنىنىمۇ تۇيماي قالدى. ئىككى تەرەپ تۇشمۇ تۇشتىن ئېلىشىشقا توغرا كەلدى. جەڭ گۇگۇم چۈشكىچە داۋاملاشتى. دۈشمەن كۆپ، جەڭچىلىرىمىز ئاز بولغاچقا، ۋاڭ سولۇ پەقەت بىر قىسىم جەڭچىلەرنى باشلاپلا قورشاۋنى بۆسۈپ چىقالىدى.

بىرىنچى قېتىملىق ياردەمگە ئەۋەتىلگەن قوشۇن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، لو يەنفا

تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئۇلارغا بەر شارائىتىمىنى يېتىشتىق بىلىدىغان، شىنجاڭنىڭ ھاۋا كېلىماتىغا ماسلاشقان، ئۇزۇلدۇرمەي جەڭ قىلىشقا ماھىر بولغان مىللىي ئارمىيە ئاتلىق پولىك 3 ـ يىگىنى قوشۇپ قويدى.

2 ـ تۇركۈملە ياردەمگە ئەۋەتىلىدىغان قوشۇن باھار پەسلىدە، مىللىي ئارمىيە ئاتلىق يىگىنىڭ يىگىجاڭى ئىسمايىلوۋنىڭ يېتەكچىلىكىدە يولغا چىقتى. قوشۇن شۇ كۈنىلا كىچىك قۇلىنچەرگە يېتىپ بېرىپ، ئاخشىمى قارلىق دالىدا قونىدى. تاڭ ئاتقاندا رىن شوتيەن، ئىسمائىلوۋ تاغقا چىقىپ ئەتراپنى كۆزەتتى. ئىسمايىلوۋ دۇربۇننى ئەمدىلا كۆزىگە ئۇدۇللىشىغا «پاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ دۇربۇن پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى. شۇئەمدىلا ئۇلار تاغ جىلغىسىدا باندىتلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرىنى كۆردى. رىن شوتيەن بۇيرۇق چۈشۈرۈش بىلەن مىللىي ئارمىيە ئاتلىق قوشۇنى ئالدى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى. باندىتلار نېمە بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغىچە، كۆپ قىسمى ئەسىرگە ئېلىنىدى.

ئەسىرگە چۈشكەنلەردىن 2 ـ لىيەننىڭ يەنىلا باركۆلنى ساقلاۋاتقانلىقىنى بىلگەن رىن شوتيەن، ئىسمايىلوۋلارنىڭ خۇشاللىقى قىنىغا پاتماي قالدى. ئۇلار شۇئان مىللىي ئارمىيە 7 ـ لىيەننىڭ مۇئاۋىن پەيجاڭى مامۇتنىڭ پەيلىكىلەرنى باشلاپ يول ئېچىپ مېڭىش، چوڭ قوشۇن تېزلىكتە باركۆل تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، مىللىي ئارمىيە ئامانلىق قوشۇنى ئالدى بىلەن باركۆلگە يېقىن جايغا كەلدى. رىن شوتيەن يېتەكچىلىكىدىكى پىيادىلەر قوشۇنى يۈرۈشنى تېزلىتىپ، ئۇلارغا يېتىشىۋالدى، ئەبەيدۇللانى كۆپ تەرەپلىمە قورشاۋغا ئالدى.

ياردەمگە كەلگەن قوشۇننىڭ ئېغىر تېپلىق پىلىموتلىرى باندىتلار ئۇۋىسىنى ئوققا تۇتتى.

رىن شوتيەن يېنىك تىنىپ قويدى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەندەك قىلاتتى.

ئارمىيىمىزنىڭ زەمبىرەك ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغان 2 ـ لىيەندىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر خۇشاللىقىدىن سەكرىشىپ كەتتى. بىيىسەن چوققىسىنى قوغداۋاتقان خۇ چىڭسەن جەڭچىلەرگە دەرھال 3 جايغا گۈلخان يېقىشنى بۇيرۇدى.

ئاتلىق يىگىنىڭ يىگىجاڭى ئىسمايىلوۋ ئالدى بىلەن يېقىلغان گۈلخاننى كۆردى ـ دە، ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا: «2 ـ لىيەندىكى جەڭچىلەر تېخى ھايات ئىكەن، يولداشلار، ئاتاكىغا ئۆتۈڭلار!» دەپ توۋلىدى ۋە ئېتىنى مىنىپ ئاتلىق يىگىنى باشلاپ ئۇدۇل باركۆل بازىرىغا چاپتى.

باندىتلار قېچىپ كەتتى. باركۆل ناھىيىسى تىنچلاندى. جەڭچىلەر باندىتلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىۋېتىلگەن گازارمىغا قايتىپ كېلىشتى. ۋاھالەنكى، 100 دىن ئارتۇق ئادىمى بار بۇ لىيەندە قۇربان بولغان، يارىدار بولغانلار 3 تىن 1 نى ئىگىلىگەنىدى. بۇ قەھرىمان لىيەنلىيەنىڭكىدەك ئۇززۇق ـ تۈلۈك، سۇ ئۈزۈلۈپ قالغان، يەنە كېلىپ قەھرىتان سوغۇقتا مىڭلىغان ئارتۇق باندىتنىڭ قاتمۇ ـ قات قورشاپ ھۇجۇمغا ئۇچراپ، 40 كېچە كۈندۈز جەڭ قىلىپ غالىب كەلگەنلىكىدەك مۆجىزە دۇنيا ھەربىي ئىشلار تارىخىدا كەم كۆرۈلىسە كېرەك.

باركۆلنى قوغداش جېڭى ئاخىرلىشىپ ئۇززۇن ئۆتمەي 1 ـ دالا ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى پېڭ دېخۇەي باركۆل جېڭى ھەققىدىكى دوكلاتنى تاپشۇرۇۋېلىپ، مۇشۇنداق بىر قەھرىمان لىيەنلىيەننىڭ بولغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېچىچە كىرىپىك قاقمىدى. ئۇ دەرھال تەقدىرلەپ تېلېگرامما يوللىدى: «46 ـ تۇەننىڭ تۇەنجاڭى يولداش خۇ چىڭسەن ۋە 2 ـ لىيەندىكى يولداشلارغا: سىلەرنىڭ باركۆلنى قوغداش جېڭى ھەققىدىكى دوكلاتىڭلارنى تاپشۇرۇپ . سىلەر ئوسمان، يولۋاس باندىتلىرىنىڭ 40 نەچچە كۈن قورشاۋىدا قېلىپ، دۈشمەن كۆپ، بىز ئاجىز بولغان ئەھۋالدا، رەھبەرلىكىڭلاردىكى 2 ـ لىيەن جەڭچىلىرى باندىتلارنىڭ 7 قېتىملىق زور ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، دۈشمەنگە كۈچلۈك زەربە بېرىپ، دۈشمەننىڭ نىيىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا يول قويمىدىڭلار. سىلەرنىڭ بۇ خىل قەتئىيلىك، قەھرىمانلىق بىلەن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ماھىرلىق بىلەن جەڭ قىلىش روھىڭلار خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شەرەپلىك نامىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇردى. سىلەرنىڭ داۋاملىق قەتئىيلىك، قەھرىمانلىق روھىڭلارنى جارى قىلدۇرۇپ، ئوسمان، يولۋاس باندىتلىرىنى ئۈززۈل ـ كېسىل، پاك ـ پاكىزە، پۈتۈنلەي يوقىتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكىنى قوغداش يولىدا قۇربان بولغان كوماندىر ـ جەڭچىلەر مەڭگۈ ھايات!».

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، باش قوماندان پېڭ دېخۇەي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، ۋاقىت چىقىرىپ قۇمۇلغا ئالايىتەن باردى ۋە باركۆلنى قوغداش جېڭىنىڭ تەپسىلىي دوكلاتىنى ئاڭلىدى. ھەمدە 2 ـ لىيەنگە: «پولات 2 ـ لىيەن» دېگەن نامنى بەردى. خۇ چىڭسەنگە «كۆرەش قەھرىمانى» دېگەن نام بېرىلدى.

## يولۋاسنىڭ تەيۋەنگە قېچىپ كېتىش ئوسماننىڭ گەنسۇدا قولغا چۈشۈش

ئەبەيدۇللا باركۆلدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قالدۇق ئادەملىرىنى باشلاپ «باغداش»قا قېچىپ بېرىۋالدى.

«باغداش»تا قۇمۇل ۋادىسى سالدۇرغان داچا بولۇپ، داچا ئېگىز تاغ، قويۇق ئورمانلار بىلەن قاپلانغان، يەر شەكلى مۇرەككەپ، مۇداپىئەسى پۇختا بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاسان ھۇجۇم قىلغىلى بولمايتتى. يولۋاس داچىغا ئورۇنلاشقاندىن كې-



يىن، مۇدلپىشە ئەسلىھەلىرىنى كۆپەيتىپلا قالمىستىن، بەلكى زور مىقداردىكى ئاشلىق، چارۋىلارنى تاغ ئىچىگە يوشۇرۇپ، ئازادلىق ئارمىيە بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ئېلىشىشقا تەييارلانغانىدى.

يولۋاس، ئالتۇنبېك، لياۋ يۇگچيۇ داچىلىكى بىر ئىسسىق ئۆيدە خۇشخەۋەر كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى. تۇيۇقسىز ئەبەيدۇللا دەللەگچىگىنىچە كىرىپ كەلدى -دە، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ: «ئازادلىق ئارمىيە باركۆلنى تارتىۋالدى... » دېدى.

يولۋاس قاتارلىقلار بۇ خەۋەردىن چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئەسەبىيلەشكەن هالدا ئورنىدىن تۇردى - دە: «-سەن ...مەن ساڭا ئەڭ باتۇر قېرىنداشلىرىمىزنى قوشۇپ، ئۇلارنى خىل قوراللار بىلەن قوراللاندۇرۇپ بەرسەم، يەنە كېلىپ نوم ۋە باي يېزىسىدىكى توسالغۇلارنى يوقىتىپ بەرگەن تۇرسام، سەن نان قېپى زادى نېمە ئىش قىلدىڭ؟ ئەگەر مەن يولۋاس سېنىڭ ئورنىڭدا بولسام، ئاللىقاچان تامغا ئۇسۇپ ئۆلۈۋالغان بولاتتىم. قايسى يۈزۈڭ بىلەن بۇ يەرگە كەلدىڭ...» دەپ توۋلىدى.

يولۋاس ئەبەيدۇللانىڭ جىم تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى يەنە ئەدەپلەي دېيىشىگە لياۋ يۇگچيۇ ئۇنى توسۇۋالدى: «بولدى، بولدى قىلىڭ! هازىر قانداق ۋاقىت، ئەبەيدۇللا هاكىم بۇ يەرگە قېچىپ كېلىپ، نىشاننى ئاشكارىلاپ قويغانلىق، ئازادلىق ئارمىيە بۇ تەرەپكە يولغا چىقتىمۇ تېخى!» دېدى.

لياۋ يۇگچيۇنىڭ سۆزى يولۋاسنى سەگىتتى بولغاي، جىددىيلەشكەن هالدا: «مۇهاپىزەتچى ئەترەت، مۇهاپىزەتچى ئەترەت!» دەپ توۋلىدى.

لياۋ يۇگچيۇ جاسۇسلۇق تەربىيىسى كۆرگەن ئايال بولغاچقا، مۆلچەرى خاتا ئەمەس ئىدى. يولۋاسنىڭ مۇهاپىزەتچى ئەترىتى تېخى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولمايلا، قاچقۇن بانىتلار يېتىپ كەلدى. 2 -لىيەنلىكى كوماندىر جەڭچىلەر: «جاۋ لىيەنجاڭنىڭ قىساسىنى ئالايلى!»، «قۇربان بولغانلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئالايلى!» دەپ توۋلىغىنىچە ئاتاكىغا ئۆتتى.

«باغداش» باندىت تازىلاش قوشۇنىمىز تەرىپىدىن ئىسكەنجىگە ئېلىندى. يولۋاس بىر قانچە مىڭ كۆۋادرات مېتىر كېلىدىغان داچا رايونىغا چېكىنىپ بېرىۋالدى.

ئەبەيدۇللا جىنايىتىنى يۇيۇپ خىزمەت كۆرسىتىش نىيىتىدە: «قوماندان، ماڭا يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بەرگەن بولسىلا، مەن قېرىنداشلىرىمىزنى تەشكىللەپ، ئازادلىق ئارمىيىنى قوغلىۋەتمىسەم ئالدىلىرىغا كەلمەيمەن...» دېدى ئۆتۈنگەن هالدا.

يولۋاس ئەبەيدۇللانىڭ خەتەرلىك مۇهىتتا جۈرئەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىققانلىقىغا قاراپ:

- سەن ئازادلىق ئارمىيە بىلەن هەپىلىشىپ باققان ئادەم، ئۇلارنىڭ مىڭ بىر هىيلىسىنى سەن ۋە مەن ئويلاپ يېتەلمەيمىز، «باغداش» مۇهاسىرىسىنى بۆسۈپ چىقىشتا، قېرىنداشلىرىمىز ئوسمانغا تايىنىشتىن باشقا چارە يوق، مەن ئۇنىڭغا خەت يېزىپ ئادەم ماڭغۇزدۇم، ياردەمگە كېلىدىغان قوشۇن يات ئارىدا يېتىپ كېلىدۇ، - دېدى.

- خام خىيال، -دېدى لياۋ يۇگچيۇ ئۇنىڭغا قاتتىق تېگىپ، -چىڭ يۈجاڭ ئوسماننى سۆرۈپ توقاي قىلىۋەتتى، ئۇ هازىر شىزاڭغا بېرىۋالغان تۇرسا، ئۇنىڭ نەدىمۇ سىزگە ياردەم بەرگىدەك هالى بولسۇن...

- بىز قول بېرىپ ئاكا ئۇكا بولۇشقان قېرىنداشلار تۇرساق، دېدى يولۋاس خوتۇنىنىڭ گېپىگە قايىل بولماي، بىز قول بەرگەندە قان ئىچىپ تۇرۇپ: كىمدە كىم پېشكەللىككە يولۇقسا، جان تىكىپ ياردەم قىلىشىمىز، دەپ قەسەم ئىچكەن...

- هەي، نام -ئاتىقى بار سېنىڭدەك ئادەم ئۇمىدنى ئاشۇ قارا كۆچىگە تايىنىپلا ئىش كۆرىدىغان بىر پاراسەتسىز ئادەمگە باغلاپ قويسا، مەغلۇپ بولماي قالامتى، - دېدى لياۋ يۇچيۇ ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

بۇ گەپ يولۋاسنىڭ غۇرۇرىغا تەگدى بولغاي:

-سەن مېنىڭغۇ كۆزگە ئىلما، قېرىنداشىم ئوسمانغا شەك كەلتۈرۈشكە قانداق تىلىڭ باردى، - دېدى غەزەپ بىلەن.

لياۋ يۇگچيۇ بوش كەلمەي:

- بۇنى مەن بالدۇرراق سەمىڭگە سېلىپ قويغان بولسام ئوبدان بولاتتى، ئۇ هالدا بۈگۈنكىدەك هالغا چۈشۈپ قالمىغان بولاتتۇق، بىز ئەمدى ئوسمان بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈشىمىز لازىم، شۇنداقلا چىقىش يولى تاپالايمىز. بىز ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ يېتىۋەرسەك ئۇنىڭغىچە ئازادلىق ئارمىيە بىزنى يەۋەتمەمدۇ؟ -دېدى.

يولۋاس خوتۇنىنىڭ سۆزىنى تازا خوپ كۆرمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى هېس قىلىپ ئىككىلىنىپ تۇرغىنىدا، «گۈلدۈر» قىلغان ئاۋاز بىلەن باندىت تازىلاش قوشۇنى داچىنى توپقا تۇتتى.

بىر كاتتىۋاش هاسىراپ - هۆمىدىگىنىچە:

- دوكلات باشلىق، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ زەمبىرەكلىرى ئالدىدىكى پونېنى بىنچىت قىلىۋەتتى، - دەپ دوكلات قىلدى.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا ئەبەيدۇللا ۋە مۇهاپىزەت ئەترىتىنىڭ كوماندىرى كەينى - كەينىدىن كىرىپ كەلدى - دە:

- قوماندان، تېزراق مېڭىڭ، بولمىسا ئۆلگۈ-



رەلمەيمىز - دېدى ئالافرادىلىك ئىچىدە.

- ئاتنى تەييارلاڭلار! دېدى يولۋاس قەتئىي هالدا.

لياۋ يۈگچيۇ نەنجىڭدە جاسۇسلۇق تەربىيىسى ئالغان چاغلاردا ئەلەم ماهارىتىنىڭ ھەننىۋاسىنى ئۆگىنىۋالغان بولسىمۇ، ئات مىنىشنى ئۆگەنمىگەنىدى. جان تۇمشۇقىغا كەلگەندە، ئۇ يولۋاسنىڭ ئوغلىنىڭ يۆلىشى بىلەن ئاتقا مىندى ۋە ئالتۇنبېك، ئەبەيدۇللا ھەم بىر نەچچە مۇھاپىزەتچى ئەسكەرنىڭ ھىمايىسىدە بىر مەخپىي يول ئارقىلىق قېچىپ چىقتى.

«باغداش» جېڭىدە، باندىت تازىلاش قوشۇنى يولۋاسنىڭ PPAناملىق مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنى پۈتۈنلەي تارمار قىلدى. تەھدىتكە ئۇچرىغان نۇرغۇن چارۋىچىلار ۋە 10 مىڭ تۇياقتا يېقىن قوي - كالا قۇتقۇزۇۋېلىندى.

يولۋاس «باغداش»تىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن، لياۋ يۈگچيۇنىڭ نەسىھىتىگە پىسەنت قىلماي، ئۇدۇل ئوسماننىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتتى.

ئوسمان جاڭجۈن چۆللۈكىدە چىڭ يۆجاڭ بىلەن بىر قېپەس ئېلىشقاندىن كېيىن، ئادەملىرىدىن پۈتۈنلەي دېگىدەك ئايرىلىپ يىگانە قۇشتەك قېچىپ يۈردى. ئۇ چۆللەرنى كېزىپ، قومۇلۇقلارنى كېسىپ، ئورمانلىقلاردىن ئۆتۈپ، ئاقىۋەت كونا ئۇۋىسى بەيتىك تېغىغا كىلىۋالغانىدى. ئۇ بەيتىك تېغىدىكى چوقبارتاستا ئەترابقا كۆز تىكىپ، ئازادلىق ئارمىيەنىڭ بۆكتۈرمە ئەسكەرلىرى ۋە كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ يوقلۇقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، چوقبارتاستا توختاپ قالغانىدى. ئوسمانغا ئەگىشىپ «ئات ئۈستىدىكى خوتۇن»، شېردىمان ئورازباي، قاتارلىقلارمۇ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ مىڭ كىشىلىكتەك«قوشۇن»دىن قېچىپ كېلەلىگەنلىرى بىر نەچچە يۈزلا ئادەم ئىدى.

ئوسمان ئۈستى بېشى جۇل - جۇل، ھاسىراپ مادارى قالمىغان قېرىنداشلىرىغا قاراپ: «ئاھ خۇدا، سەن مېنىڭ جېنىمنى ئالمىغۇچە قويمايدىغان ئوخشىمامسەن...» دەپ تۈۋلىۋەتتى ئىختىيارسىز ھالدا.

شېردىمان دادىسىنىڭ بىچارە ھالىتىگە قاراپ يىغلىۋەتتى ۋە دادىسىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ: «ياق ئاتا، سىز خۇدانىڭ ئەلچىسى، سىزنىڭ ئىشلىرىڭىز خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە بولغان، خۇدا بىزگە مەدەت بېرىدۇ...» دېدى.

بىردىنلا، تاغ جىلغىسىنى باندىتلارنىڭ ھۆركىرەپ يىغلاشلىرى قاپلىدى...

- يىغلىمايلى! - دېدى شېردىمان ئورنىدىن تۇرۇپ- يىغا بىلەن كومپارتىيە ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋەتكىلى بولامدۇ؟ كۆز يېشى بىلەن ئازادلىق ئارمىيىنى قوغلىۋەتكىلى بولامدۇ؟ باتۇر دېگەن ھامان باتۇر، ئوسمان باتۇرلا يايلاقتىكى بىردىنبىر باتۇر، ئۇ خۇدانىڭ ئەلچىسى!

باندىتلار خۇددى قۇرئان ئايەتلىرىنى ئاڭلىغاندەك بىردىنلا يىغلاشتىن توختىدى. بىر نەچچە سىكۇنت جىمجىتلىقتىن كېيىن «ئوسمان باتۇر، ئوسمان باتۇر» دېگەن ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى.

ئوسماننىڭ كۆزلىرى قانغا تولغانىدى. ئۇ شېردىماننىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

-شېردىمان، سەن ئوغلۇم بولۇشقا مۇناسىپ! دېدى.

بىر ھازادىن كېيىن ئۇ بىردىنلا ئەلپازىنى بۇزۇپ:

- قېرىنداشلار، شېردىمان توغرا ئېيتتى، بىز دىنسىزلارنىڭ خورلۇقلىرىدىن قۇتۇلىمىز دەيدىكەنمىز، غازات قىلىشىمىز كېرەك. پەيغەمبەر ئوسماننىڭ جېنى تېنىدىلا بولسا، ئازادلىق ئارمىيە بىلەن ئاداققىچە قانلىق جەڭ قىلىشنى قىلغان. ئازادلىق ئارمىيىنى بوسۇغۇمىدىن قوغلىۋەتمىسەم پەيغەمبەر ئوسمان خۇدانىڭ ئوغلى بولماي كېتەي! -دېدى.

باندىتلار «ئوسمان باتۇر! ئوسمان باتۇر!» دەپ ئەسەبىيلەرچە تۈۋلاشتى.

ئوسمان «چوقبارتاس»دا توختىغاندىن كېيىن باندىتلارغا باشقىچە جان كىرگەنىدى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي يولۋاس، جانىمقانلارمۇ قالدۇق ئادەملىرىنى باشلاپ يېتىپ كېلىشتى. ماكىنانمۇ ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ كەلدى. پەقەت مەخپىيەتلىك ئىدارىسى يوشۇرۇن پونكىتىنىڭ باشلىقىCC ، جاسۇسلار گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جۇگچىڭ ۋە جاسۇس شياۋ خەنفىڭلارنىڭ ئىز - دېرىكى بولمىدى.

ئوسمان ماكىناننىڭ دوستلۇقىنى يەتكۈزگەنلىكىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن، CC ۋە ۋاڭ جۇگچىڭلارنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاشقا باشلىدى: «بۇ بېلى سۇنغان ئىتلار، پەيغەمبەر ئوسمان تېخى مەغلۇپ بولماي تۇرۇپلا، مەندىن يۈز ئۆرۈپ تىكىۋېتىپتۇ. مەن ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ بولغان كۈنىدە، ئۇلار كاللامنى ئېلىپ تۆھپە كۆرسەتمەكچى ئوخشايدۇ!»

ماكىنانغا بۇ گەپلەر ياقمىدى بولغاي، ئۇ:

- ھۆرمەتلىك ئوسمان باتۇر، جۇڭگولۇقلاردا، دانالار نادانلارنىڭ سەۋەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەس، دېگەن گەپ بار. ئۇلارنىڭمۇ ئويلىغىنى باردۇ. بەلكىم ئۇلار باشقا بىر سەپتە داۋاملىق جەڭ قىلىپ، ئازادلىق ئارمىيىنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋاتقاندۇ، بۇمۇ سىزگە پايدىلىقتۇ! - دېدى.

يولۋاس ماكىناننىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ:

- ماكىناننىڭ سۆزى بەرھەق، بىز بۇ ئەبلەخلەرنى ھەر نېمە دېسەكمۇ، ئۇلار كومپارتىيە بىلەن بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇر-



ماس. بىز بۇلارنى قويۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئازادلىق ئار-
مىيە بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ پىلانىنى تۈزگىنىمىز
تۈزۈك، -دېدى.

ئوسمان ماكىنان ۋە يولۋاسنىڭ مەدەت بېرىشى
بىلەن قايتىدىن جانلاندى. ماكىناننىڭ پىلانى بويىچە
باندىتلار باشلىقلىرىغا ۋەزىپىلەر تاپشۇرۇلدى، ئۇلار
ئازادلىق ئارمىيە بىلەن جەڭ قىلىش تەييارلىقىغا ئات-
لاندى.

باندىتلارنىڭ باشلىقلىرى بۇيرۇق بويىچە ئۆز
قوشۇنلىرىنى يىغىۋاتقان پەيتتە، تاغ جىلغىسىدا توپ
ئاۋازى ياڭرىدى.

ئوسمان ئالاقزادىلىككە چۈشتى. باندىتلار تىرە
-پىرەڭ بولۇشتى.

شېردىمان ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە ئوسماننىڭ
قېشىغا كەلدىدە:

- ئاتا، قانداق قىلىمىز؟ - دەپ سورىدى جىد-
دىي ھالدا.

-ماكىنان ئەپەندىنى قوغدىغىن! -دېدى ئوس-
مان ئېتىنى مىنىپ جەڭگە ئاتلانغاچ. ئوسمان ئازاد-
لىق ئارمىيە بىلەن ئېلىشا -ئېلىشمايلا قورشاۋدا
قالدى. قورشاۋ بارغانسېرى تارايدى. ھەممىلا يەردە
«ئوسماننى تىرىك تۇتايلى!» دېگەن ئاۋازلار ياڭرىدى.

ئوسمان ھەممە ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ تىر-
كىشىپ باققان بولسىمۇ، بەرداشلىق بېرەلمەي قال-
دى. ئەمدى ئۆزىنىڭ تۇتۇلۇپ قېلىشى كۆزگە كۆ-
رۈنۈپلا تۇراتتى. بۇ ھالقىلىق پەيتتە، ئوسماننىڭ «-
ئات ئۇستىدىكى خوتۇن»ى، ئوغلى شېردىمان ۋە
كېلىنى قورشاۋنى بۆسۈپ يېتىپ كېلىشتى. «ئات
ئۇستىدىكى خوتۇن» غىلاپتىن پىچاقنى چىقاردى -
دە، ئوسماننىڭ ئېتىغا قاتتىق بىر سانجىدى. ئات
پىچاق ئازابىغا چىدىماي چاپچىپ كەتتى. «ئات
ئۇستىدىكى خوتۇن» پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئاتنى
قاتتىق بىر قامچىلىۋىدى، ئات خۇددى سەۋدايىلارچە
چېپىپ، ئۈزۈپ كەتتى ... ئاقىۋەت ئات ئۆلدى.
ئوسمان قۇتۇلۇپ قالدى.

ئوسمان، يولۋاس، ماكىنانلار توختىماي ئېتىنى
چاپتۇرۇپ، ئاتلىرى ھېرىپ قالسا ئات ئالماشتۇرۇپ،
ئاخىرى يالڭ شىڭگو تۈەنىنىڭ قورشاۋىدىن قۇتۇلۇپ،
شىنجاڭ گەنسۇ چېگرىسىغا يېتىپ كېلىشتى.

يولۋاس چىڭخەي، شىزاڭ، ھىندىستانلارنى ئاي-
لىنىپ تەيۋەنگە قېچىپ بېرىۋالدى.

ئوسماننىڭ قېشىدا «ئات ئۇستىدىكى خوتۇن-
»ى، ئوغلى ۋە كېلىنىدىن باشقا ئۇنىڭغا سادىق بول-
غان ماكىنان ۋە جانىمقانلا قالغانىدى.

بىر تاغ قاپتىلىغا كەلگەندە، ئوسمان
قەيەرگە بېرىپ توختىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ
قالدى. ماكىنان ئۇنىڭغا:



- ئوسمان باتۇر، ھازىرقى ۋەزىيەت بىزگە تولىمۇ
پايدىسىز بولۇۋاتىدۇ، كومپارتىيە بىزنى قورشاۋغا ئېلىۋال-
دى. بىز شىنجاڭدىن قۇتۇلۇپ چىققان بولساقمۇ، گەن-
سۇدىكى توساقلاردىن ئۆتۈپ كېتىشىمىز بىر گەپ. ھا-
زىرقى بىردىنبىر دانا تەدبىر كېتىش، دېدى.

-نەگە كېتىمىز؟ دېدى ئوسمان ئۇنىڭغا.

- پاكىستانغا چىقىپ كېتەيلى، -دېدى ئىما-
كىنات ئىشەنچلىك ھالدا، سىلەرنىڭ غېمىڭلارنى
قىلىپ قويدۇم، ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، ئامېرى-
كىنىڭ ياردىمى بىلەن باشقىچە ئىش تۇتامسىلەر.

بولمايدۇ، - دېدى ئوسمان ماكىناننىڭ سۆزىنى
بۆلۈپ، - ماكىنان ئەپەندى، سىزنىڭ ياخشى كۆڭ-
لىڭىزگە رەھمەت. لېكىن، مەن بۇ ئورۇنلاشتۇرۇ-
شىڭىزغا قوشۇلمايمەن. پېقىر ئوسماننىڭ يىلتىزى
شىنجاڭدا، ماكانى ئالتايدا، مەن ھېچقانداق يەرگە
بارمايمەن. ئۆلسەممۇ يايلاقتا، ئۆزۈمنىڭ كىگىز
ئۆيىدە ئۆلەي...

ماكىنان ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا مۈرىسىنى چىد-
قىرىپ قويدى - دە:

- باتۇرۇمنىڭ ئۆز ماكانىدىن ئايرىلىشقا كۆزى
قىيمىسا ماڭا نېمە ئامال؟ يۇرت مېھرى ئوتلۇق،
مېنىڭمۇ ئامېرىكىدىن ئايرىلغىنىمغا ئۇزۇن بوپتۇ.
ئەمدى يۇرتۇمغا قايتىدىغان چاغ بولدى، - دېدى.

شېردىمان ماكىناننىڭ ئۆزلىرىدىن ئايرىلىپ
كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قېنى قىزىغان
ھالدا:

-نېمە؟ سەن بىزنى تاشلاپ كەتمەكچىمۇ؟ دېدى.

ئوسمان شۇئان شېردىماننى جىملاپ:

- ئاغزىڭغا قاراپ گەپ قىلغىن، ماكىنان ئەپەندىگە
بۇنداق ھۆرمەتسىزلىك قىلساڭ بولامدۇ؟ - دېدى.

ماكىنان بىلەن ئوسمان بىر بىرىدىن ئايرىلىشقا
كۆزى قىيماي بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن ئوسمان
قوينىدىن بىر تاپانچىنى ئالدى - دە، ئىككى قوللاپ
ماكىنانغا سۇنۇپ:

- بۇ سىزنىڭ شىلىيەن گېنېرال ماڭا سوۋغا قىلغان تا-
پانچا، مەن ئۇنى قەدىرلەپ ساقلاپ كېلىۋاتقانىدىم، ئەمدى
سىزگە خاتىرە بولۇپ قالسۇن! -دېدى.

ماكىنان كەتتى، ئوسمان يولغا پىششىق ئىككى ئا-
دەمنى ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلىپ قويدى ۋە بىر نەچچە تىمەن
ئاتنى بەردى...

ماكىنان، يولۋاسلار كېتىپ، ئوسمان خۇددى ئىككى
قانىتىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك بولدى.

تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان ئوسمان ئاقىۋەت شىنجاڭ،
گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرى تۇتىشىدىغان جاي تۇمۇر-
لۇككە كېلىپ، توپىلاڭچى قۇسايىن باينىڭ قوينىغا ئۇ-
زىنى ئاتتى.

ئوسمان، قۇسايىن ۋە قالىبېكلەر قايتىدىن باش كۆتىرىپ چىقىشنى پىلانلاۋاتقان چاغدا، شىنجاڭ، گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرى بىرلەشمە بانىدىت تازىلاش قوماندانلىق شتابى قۇرۇپ، ئوسمان، قۇسايىن باندىتلىرىنى قورشاۋغا ئېلىندى.

1951 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، شىنجاڭ، گەنسۇ بانىدىت تازىلاش قوماندانلىق شتابى ئوسمانغا كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. ئوسمان بانىدىت تازىلاش قوشۇنىمىزنىڭ لىيەنجاڭى لى سۇنشىنىڭ بىر پاي ئوقى بىلەن ئاتتىن يىقىلدى. ئۇ جىلغىدىن دومىلاپ چۈشۈپ بىر تاشقا كېلىپ ئۇرۇلدى. شۇ ئەسنادا، لى سۇنشىنىڭ يەنە بىر پاي ئوقى ئۇنىڭ يوتىسىنى يارىلاندۇردى.

جەڭچىلەر شادلىقتا چۈمۈپ «ئولجا»نى يىغىشتۇراي دەپ تۇرۇشىغا، ئوسماننىڭ كېلىنى نەبىخان ئۇچقاندەك كېلىپ، قوشۇننىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرى ۋە ۋىژىلداپ ئۇچۇۋاتقان ئوقلارغا قارىماي، ئوسماننى يۇدۇگىنىچە تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

نەبىخان ئوسماننى بىر يار باغرىغا ياتقۇزۇپ جۇۋىسىنى ئۈنىگە يېپىپ قويدى ـ دە، قىلۋىغا قاراپ ئايەت ئوقۇپ خۇدادىن مەدەت تىلىدى، ئاندىن ئوقى قالمىغان تاپانچىسىنى چۆرۈۋېتىپ، ئوسمانغا قاراپ ئىچىدە بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپ تىك يارغا قاراپ ماڭدى...

نەبىخان ئىككىلىنىپ تۇرغاندا 10 نەچچە مىلتىق ئۈنىگە بەتلەندى. كۈچلۈك چىراغ نۇرى ئۇنىڭ كۆزىگە مەركەزلەشتى. ئۇ ئاستا ئىككى قولىنى كۆتۈردى...

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاقساپ قالغان ئوسمان جەڭچىلەر تەرىپىدىن باغلاندى. ئۇنىڭ بەدىنى بوشىشىپ، بېشى ساڭگىلىغانىدى.

1951 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاممىسىدىن بولۇپ 80 مىڭ كىشى قاتناشقان ئوچۇق سوت يىغىنى ئېچىلىپ، سىياسىي بانىدىت ئوسمان بىلەن كومپارتىيە رەھبەرلىرىدىن چېن تېەنچيۇ، ماۋ زېمىنلارنى ئۆلتۈرگەن قاتىل لى يىڭچى، بۇ باۋلىيەنلەرگە ھۆكۈم چىقىرىلىپ ئېتىپ تاشلاندى.

شۇ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، بانىدىتلارنىڭ ئاتامانى جانىمقان ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ ئېتىپ تاشلاندى.

ئوسمان تىرىك قولغا چۈشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى شېردىمان توردىن چۈشۈپ قالغان بانىدىتلاردىن 11 ئادەمنى باشلاپ، چىڭخەيدىن گەنسۇنىڭ ئەنشى دېگەن يېرىگە بېرىپ، ئۇ يەردىن شىنجاڭغا قېچىپ كېلىۋالغانىدى. 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، ئۇلار گۇچۇڭنىڭ جەنۇبىدىكى تيانشان تېغىدا كېتىۋاتقىنىدا خالاتباي قاتارلىق بانىدىتلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئادىمىنى 700 دىن ئارتۇققا يەتكۈزۈپ، گۇچۇڭ، مورى، جىمسار، داشىگو، ئارشاڭ قاتارلىق جايلاردا ئادەم ئۆلتۈرۈپ، بۇلاڭچىلىق قىلىپ يۈردى...

شۇ يىلى 9 ـ ئايدا، شىنجاڭ ھەربىي رايونى 16 ـ شى، 17 ـ شى 4 ئاتلىق شۆبە ئەترەت تەشكىللەش، 5 ـ جۇن ئاتلىق تۇەن ۋە 40 ـ تۇەن، 9 ـ جۇن 25 ـ شى ۋە 26 ـ شىلار ھەر قايسىسى 1 دىن ئاتلىق شۆبە ئەترەت تەشكىللەپ، شېردىمان قالدۇق بانىدىتلىرىنى تازىلاش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى.

1952 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ ۋنى، شېردىمان خەلق ھۆكۈمىتىگە تەسلىم بولدى. خەلق ھۆكۈمىتى تەسلىم بولغانلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. شېردىمان خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىگە شۇنچىۋالا كەڭچىلىك قىلغانلىقىدىن تەسىرلىنىپ: «مەن ئىلگىرى بانىدىت بولماق قەھرىمان بولماقتۇر، دەپ ئويلاپتىكەنمەن، ھازىر بىر جىنايەتچى ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يەتتىم. مەن ئادەم ئۆلتۈردۈم، ئوت قويدۇم، بۇلاڭچىلىق قىلدىم، جىنايىتىم چېكىدىن ئاشتى. ھۆكۈمەت ئۆتمۈشۈمنى سۈرۈشتۈرمەي، كەڭ قورساقلىق قىلدى. مەن ئەگەر ياخشى ئادەم بولمىسام ھايۋان بولۇپ كېتەي ...» دېدى.

1954 ـ يىلى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئالتاي مەمۇرىي رايونى گەنسۇغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئوسمان، شېردىمانلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى ئالتايغا قايتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە شېردىماننى ئالتاي مەمۇرىي رايونى چارۋىچىلىق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى.

شىنجاڭدا بانىدىت تازىلاش كۈرىشى غەلىبە بىلەن ئاخىرلاشتى. جەمئىي 48 مىڭدىن ئارتۇق بانىدىت، جاسۇس تازىلاندى. 110 مىڭ قازاق ئاممىسى قۇتقۇزۇۋېلىندى.

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 ـ بىڭتۇەنى شىنجاڭغا كىرىپ، شىنجاڭنى ئازاد قىلىشى بىلەن تارىختىن بۇيانقى ئەكسىيەتچى سىنىپلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلىپ، ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ شىنجاڭنى ۋەتەن قوينىدىن ئايرىۋېتىش سۇيىقەستى بىتچىت قىلىنىپ، شىنجاڭ تارىخىنىڭ يېڭى سەھىپىسى ئېچىلدى.

(تۈگىدى)

ئىمىن ئېلى(ت)







# ئايرودرومدا 11 يىل سەرگەردان بولغان كىشى



كېرىم ئەسرۇل ئىسىملىك كىشى قانۇنلۇق كىملىك گۇۋاھنامىسىنى يوقىتىپ قويغانلىقى سەۋەبىدىن فرانسىيە دېگول ئايرودرومىدا «قامىلىپ قالغان»، ئۇنىڭ بۇ سەرگۈزەشتىسى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى. بىر قانچە كىنو ستۇدىيىلىرى ئۇنىڭ ھېكايىسىنى كىنو ئېكرانىغا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلماقتا.

كېرىمنىڭ دادىسى ئابدۇل ئىرانلىق دوختۇر بولۇپ، 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئەنگلىيىلىك سېستىرا قىز شىمۇ بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ. گەرچە ئۇرۇش يىللىرى بولسىمۇ، ئىككىيلەن مۇھەببەت دېڭىزىغا غەرق بولىدۇ ۋە توي قىلىپ 1945 - يىلى بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولىدۇ، ئۇ دەل كېرىمدۇر. لېكىن كېرىمنىڭ كىچىك ۋاقتىدىلا ئانىسى شىمۇ ئابدۇلدىن ئايرىلىپ كېتىپ قالىدۇ. دادىسى كېرىمنى ئېلىپ ئىرانغا قايتىپ كېلىدۇ. 1968 - يىلى كېرىمنىڭ دادىسى تۇيۇقسىز قازا قىلىشى بىلەنلا، كېرىمنىڭ دادا بىر ئانا باشقا ئىنىلىرى ھەر خىل ۋاسىتىلار بىلەن ئۇنى چەتكە قېقىپ، ئىراندىن كېتىشكە، ئەنگلىيىدىكى ئائىلىسىنى ئىزدەشكە مەجبۇرلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1974 - يىلى كېرىم ئائىلىسىنى ئىزدەش سەپىرىگە ئاتلىنىدۇ، لېكىن بۇ سەپەر مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلىشىدۇ. ئۇ ئىرانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئويلىمىغان يەردىن ئەينى چاغدىكى پەھلىۋىنىڭ ئاخبارات ئورگىنى ئۇنىڭ ئەنگلىيىدە پادىشاھقا قارشى نامايىشقا قاتناشقانلىقىنى باھانە قىلىپ ئۇنى قولغا ئالىدۇ ۋە تەۋەلىك سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلايدۇ. كېيىن گەرچە قويۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كىرگۈدەك بىرەر ماكانى بولمايدۇ. ئۇ نائىلاجلىقتا ياۋروپاغا بېرىپ گېرمانىيە، روسىيە، گوللاندىيە قاتارلىق ئۈچ دۆلەت ئوتتۇرىسىدا سەرگەردان بولۇپ، 1981 - يىلى بېلگىيىدە سىياسىي پاناھلىققا ئېرىشىدۇ.

ئۇ بېلگىيىدە تەخمىنەن 5 يىللىق جاپا مۇشەققەتلىك سىياسىي پاناھلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرگەندىن كېيىن، تۇيۇقسىز ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەنگلىيىدە تۇغۇلغانلىق ئىسپاتىنا-



مىسىنى تاپقانلىقىنى ئۇقىدۇ. ئۇ ئەنگلىيىدە ئولتۇراقلىشىشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەنگلىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار چېگرىدىن كىرىش رەسمىيىتىنى تەستىقلاشنى رەت قىلىدۇ. سەۋەب شۇكى، ئۇنىڭ ئانىسى كېرىمنىڭ ئۆز ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغانىدى. كېرىم ئاۋۋال فرانسىيىگە بېرىپ، ئاندىن ئەنگلىيىگە كىرىشنى ئويلايدۇ.

ئۇ فرانسىيە ئايرودرومىغا يېتىپ بېرىشى بىلەن كېلىشمەسلىك يۈز بېرىدۇ: كېرىمنىڭ بەلگىيىدە ئېرىشكەن سىياسىي پاناھلىق ئىسپاتنامىسى سىرلىق ھالدا يوقاپ كېتىدۇ. قانۇنلۇق كىملىكى بولمىغانلىقتىن ئۇ فرانسىيىگە كىرەلمەيتتى، ئايرودرومدىن ئايرىلىپ باشقا دۆلەتكە كېتىشى تېخىمۇ تەس بولاتتى. پەقەت بىرلا چارە ئايرودرومدا قېلىش ئىدى. مانا شۇندىن ئېتىبارەن ئۇ ئۆزىنىڭ فرانسىيە دىگول ئايرودرومىدىكى 11 يىللىق سەرگەردانلىق ھاياتىنى باشلايدۇ.

كېرىمنىڭ بۇ 11 يىللىق سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى ئەسلەپ ئېيتىشىچە، ئۇ ئادەتتە كۈتۈش زالىدىكى ئورۇندۇقلاردا كېچىنى ئۆتكۈزگەن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ئايرودروم خىزمەتچىلىرىنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشكەن. ئۇلارمۇ كېرىم ئۈچۈن نۇرغۇن قۇلايلىقلارنى يارىتىپ بەرگەن. بەزى دۇكان خوجايىنلىرى ئۇنىڭغا ھەقسىز يېمەكلىكلەرنى بەرگەن. ئايرودروم پوچتىخانىسىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالاقىلىشىش ئادرېسىنى قالدۇرۇپ، يېشىل چىراغ يېقىپ بەرگەن. لېكىن ئايرودروم چوڭ بولغاچقا، ئۇنىڭمۇ ئورنى مۇقىم بولمىغان. شۇڭا پوچتىلىيونلار خەت - چەكلەرنى ئۇنىڭ قولىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈنمۇ كۆپ ئاۋارە بولغان.

كېرىمنىڭ بىساتى ناھايىتى ئاددىي بىر قانچە قۇر كونا كىيىم قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە نەچچە ئون دانە خاتىرە دەپتەر سېلىنغان بىر ساياھەت سومكىسىدىن ئىبارەت بولغان. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان، كېرىم ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كۈندىلىك خاتىرە يېزىشنى توختاتمىغان.

كېرىمنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ ئايرودرومدىكى تۇرمۇشى خېلى تەرتىپلىك ئىكەن. ئەتىگەن دەل سائەت 7 دە تۇرىدىكەن، بۇ چاغدا ئايرودروم تازىلىق خىزمەتچىلىرى تازىلىق قىلىشنى باشلايدىكەن. يۈز كۆزىنى يۇغاندىن كېيىن، ئۇ قەھۋەخانىغا بېرىپ ھەقسىز غىزالىنىدىكەن، ئاندىن كۈندىلىك خاتىرە يېزىشقا كىرىشىدىكەن. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، بىر قانچە كىنو ستۇدىيىسى بۇ خاتىرىلەرگە قىزىقىپ قالغان، ئامېرىكا ھوللىۋود كىنو شىركىتى ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرىنى يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىپ، ئۆزگەرتىپ كىنو ئىشلىمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

كۈندىلىك خاتىرە يېزىشتىن باشقا كېرىمنىڭ يەنە مۇنداق ئىككى مۇھىم ئىشى بولغان: بىرى، ئۇ بېلگىيە ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي پاناھلىق تەلەپ قىلىش ئارخىپىنى تېپىپ چىقىپ، ئۆز سالاھىيىتىنى قايتىدىن تىكلەپ، ئەنگلىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈش، ئەنگلىيىدە ئولتۇراقلىشىش ئۈچۈن بېلگىيە ۋە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە توختىماي خەت يازغان. يەنە بىر ئىشى، ئۆگىنىشتۇر. ئۇ شۇنىڭغا قەتئىي ئىشەنگەنكى، ھەر قانداق ئىش يۈز بەرسىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ئولتۇراقلىشىش مەسىلىسى ھامان ھەل بولىدۇ. ئۇ كەلگۈسىدىكى خىزمەت ئورنىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشى كېرەك. ئايرودرومدىن ئايرىلىشقا بولمىغانلىقتىن، ئۇزۇندىن بۇيان ئۇ سىرتتىن قاتنىشىش شەكلى بىلەن بىرىيۇسىل ئالاھىدە ئىنىستىتۇتىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە ئىقتىساد كەسپىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەندى.

كېرىم ئولتۇراقلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلغاندىن كېيىن دەرھال بېلگىيىگە بېرىپ ئىمتىھانغا قاتنىشىشقا ئالدىرىماقتا. ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىمۇ ناھايىتى تېزلا ھەل بولۇش ئالدىدا تۇرماقتا. چۈنكى، يېقىندا ئۇ بېلگىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالدى، خەتتە ئۇنىڭ بېلگىيىدىكى ئارخىپىنىڭ تېپىلغانلىقى، بېلگىيىنىڭ ئۇنىڭغا يېڭى گۇۋاھنامە ھەل قىلىپ بېرىدىغانلىقى ئېيتىلغانىكەن. قارىغاندا كېرىمنىڭ فرانسىيە ئايرودرومىدىكى 11 يىللىق سەرگەردانلىق ھاياتى ئاخىرى ئاياغلىشىدىغاندەك قىلىدۇ.

ئابلغۇر سابىت (ت)





# موسكۋادىكى «بىرىپ مۇلازىمەت قىلغۇچى قىزلار»

ئو.فنو يكن

قەتئىينەزەر، بۇ ۋەقە مەلۇم بىر خاھىشنى ئاشكارىلاپ بەردى. ھوقۇقلۇق ئورگانلاردىن كەلگەن خەۋەرلەردە دېيىلىشىچە، بۇنداق ئالاھىدە مۇلازىمەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قايتىدىن تەقسىملەشكە توغرا كېلىدىكەن. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، موسكۋادىكى بارلىق پاھىشىلەر ئۆزلىرىنى قالماي ساقچىلار تەرىپىدىن «قوغدىلىدىكەن».



## تۇرمۇشنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ياخشى ئائىلىلەردىكى قىز - ئاياللارمۇ پاھىشىلىك قىلغان

يەكشەنبە كۈنى مەن ئېلېكترونلۇق پويىز بىلەن دالىدىن شەھەرگە قايتىشىمدا بىر جىراياملىق قىز بىلەن ئۇچرىشىپ پاراڭلىشىپ قالدىم. موسكۋاغا يېتىپ بولغۇچە ئۇنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولدۇم: ئۇنىڭ ئىسمى ناسكا بولۇپ، پاھىشىۋازلارنىڭ تەكلىپى بويىچە ئۆيىگە «بىرىپ مۇلازىمەت قىلغۇچى» ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ «كەسپى» ئىشلىرى توغرىسىدا سۆزلىگەندە ئۇنىڭ چىرايىدا ئازراقمۇ خىجىللىق سېزىلمىدى.

ناسكا موسكۋاغا يېقىن بىر بازاردا تۇغۇلغان بولۇپ، كۆپ بالىلىق ئائىلىنىڭ قىزى ئىكەن. ئۇ ئائىلىدىكى چوڭ قىز بولغاچقا ئالدى بىلەن ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ، موسكۋادىن ئىبارەت بۇ زاماننىۋى چوڭ شەھەرگە كېلىپ تىرىكچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. دەسلەپتە ئۇنىڭ ئىشى ئۆڭگە تارتقان بولۇپ، ئۇ بىر يەسلىدىن خىزمەت تاپقان، ئەمما بۇ يەردە مائاش ناھايىتى تۆۋەن بولغاچقا، جان باقىمۇ ناھايىتى قىيىن ئىدى: ھەر ئايدىكى ئۆي ئىجارىسىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئائىلىسىگە تېگىشلىك پۇلنى

1999 - يىلى 6 - ئاينىڭ بېشىدا، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ تەشكىللىك جىنايەتچىلەرگە قارشى تۇرۇش باش ئىدارىسىدىكى رازۋېدكىچىلار بىلەن موسكۋا مەركىزىي رايونىدىكى ساقچىلار ئوتتۇرىسىدا كەسكىن توقۇنۇش يۈز بەردى، بۇ توقۇنۇشنىڭ سەۋەبچىلىرى پاھىشىلەر بولۇپ، پاھىشىلەر ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ تەشكىللىك جىنايەتچىلەرگە قارشى تۇرۇش ئىدارىسىنى ئۆزلىرىگە قالقان قىلىپ تاللاشقانىدى. ئىلگىرى تارماق رايون ساقچىلىرى ئۇلارنى قوغدىغاچقا ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇتلەق بىخەتەر ھېسابلايتتى، ئەمما ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ رازۋېدكىچىلار تارماق رايون ساقچىلىرىنىڭ قورال-جابدۇقلىرىنى نېرى-بېرى دەپ بولغىچە يىغىۋالدى. ئەمما ساقچىلار: بىز رازۋېدكىچىلارنىڭ قىزلارغا پوخورلۇق قىلىۋاتقىنىنى يولۇقتۇرغان، پەقەت ئۇلار بىلەن بۇنداق ئىشنى بىللە قىلمىغانلىقىمىز بار دېيىشتى. ھازىر بۇ دېلونى موسكۋا ئالاھىدە خەۋپسىزلىك ئىدارىسى تەكشۈرمەكتە، نەتىجە قانداق بولۇشىدىن





ئالتۇن سېرىق بولسىمۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى قارا قىلالايدۇ.

ئەۋەتىۋەتسە قولىدا ھېچقانچە پۇل قالمايتتى. ئۇ تۇرمۇشنىڭ قىستىشىدىن بىناقەت بولۇپ، ئەرگە تېگىشكە مەجبۇر بولغان.

تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشىمۇ ئازادە ئۆتمىگەن ئېرى چېچېنىيىدە ئەسكەرلىكتە تۇرۇپ تېخى يېقىندىلا قايتىپ كەلگەن ئادەم بولۇپ، ئەسكەرلىكتىن كېلىپلا ھاراققا بېرىلىپ كەتكەن. قىزى تۇغۇلغاندىن كېيىن، تۇرمۇشىنى قامداشقا ئامالسىز قالغان ناسكا يەسلىدىكى خىزمىتىدىن چېكىنىپ چىققان

بىر ئايال دوستى ناسكاغا «بېرىپ مۇلازىمەت قىلغۇچى» بولۇش تەكلىپىنى بەرگەن، تۇرمۇشىنىڭ قىستىشى تۈپەيلىدىن، ئۇ بۇ تەكلىپكە ئائىلاج ماقۇل بولغان، بۇ ئىشلارنىڭ باشلانغىنىغىمۇ 1 يىل بولغان.

## تۈرلۈك نامدىكى پاھىشىلەر

موسكۋادىكى پاھىشىلەر قوشۇنىدا «بېرىپ مۇلازىمەت قىلغۇچىلار» نىڭ سانى ئانچە كۆپ ئەمەس، ئەڭ مەشھۇرى تېۋېرسكى كوچىسى بىلەن لىنىن كوچىسىدىكى ناخشىچى خېنىملار بولۇپ، ئۇلار تەشكىللىك جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە قارشى تۇرۇش ئىدارىسىگە يىراق بولمىغان جايدا «ئوقەت» قىلاتتى. بۇ قىزلارنىڭ بىخەتەرلىكى ئەڭ كاپالەتسىز بولۇپلا قالماي، ناھايىتى بەك خورلىناتتى.

«سالون خېنىملىرى» ياكى «پاھىشىخانا خېنىملىرى» پاھىشىلەرنىڭ يەنە بىر تۈرى بولۇپ، ئۇلار 24 سائەت تەقلىنىپ تۇراتتى، ئەگەر مېھمانلار تەرىپىدىن تاللىنىپ قالسا، قىزلار «نۆۋەت بىلەن خىزمەت» قىلاتتى.

سالونلارغا كېلىدىغانلار ئاساسەن روسىيىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىن كەلگەنلەر ياكى بولمىسا روسىيىگە يېقىن دۆلەتلەردىن كەلگەن پاھىشىۋازلار ئىدى.

ئەمما، «سالون خېنىملىرى» ئارىسىدا يۇقىرى قاتلام جەمئىيەتكە تەۋە بىر تۈركۈم ئاياللارمۇ بار ئىدى. يېقىندا فېدېراتسىيە خەۋپسىزلىك ئىدارىسى شۇ خىلدىكى سالون (مېھمانساراي) لارنى بىر قېتىم تەكشۈردى، (ئەلۋەتتە بۇ تەكشۈرۈش باشقا مەقسەت ئۈچۈن قىلىنغانىدى). بۇ مېھمانخانىلاردا سانى ناھايىتى نۇرغۇن بولغان «سالون خېنىملىرى» رويختېنىڭ بايقىلىشى رازۋېدكىچىلارنى ھەيران قالدۇرغان، بۇ خېنىملارنىڭ ئارىسىدا ھاللىق ئائىلىلەرنىڭ خانىملىرىمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىجادىي كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ ئاياللارنىڭ ئارىسىدىكى كۆپلىگەن خانىملار «ئىشقىي ھەرىكەت سەنئىتى» نى تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەنىدى. گەرچە ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققى يۇقىرى بولۇپ، سائىتىگە 100 دوللار «ساپ كىرىم» قىلسىمۇ، ئۇلار مېھمانسارايغا پۇلنى دەپ كەلمەيتتى.

يەنە باشقا تۈرلۈك سالونلار بار بولۇپ، پاھىشىۋازلار باشقىلارنىڭ كۆرستىشى بىلەن كېلەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ سالونلار يېپىق كۇلۇپ بولۇپ، سالون كۆپىنچە پۈتۈن بىر بىنانى ئىگىلىگەن، بىناغا سەتەڭلەر يىغىلغان بولاتتى. رازۋېدكىچىلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، پاھىشىۋازلىق قىلغۇچى كاتتا ئەربابلاردىن بولۇپ قالسا، ئۇنداق ئەربابنىڭ سالوندىكى قىلمىش -ئەتمىشلىرى مەخپىي سىنئالغۇ لىنتىسىغا ئېلىپ قويۇلىدىكەن، بۇنداق لىنتىلار ۋاقتى كەلگەندە شۇ كاتتا ئەربابقا بېسىم قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىكەن ......

«بېرىپ مۇلازىمەت قىلغۇچى» لار يۇقىرىقىدەك پاھىشىلەرنىڭ ئەڭ كەينىدىكى بىر تۈرى، «بېرىپ مۇلازىمەت قىلغۇچى» دېگىنىمۇ پاھىشىلەرنىڭ بىر خىل ئۆزگەرگەن شەكلى ھېسابلىنىدۇ، بۇنداق پاھىشىلەر باشقا ئۆلكىلەردىن كەلگەن بولۇپ، موسكۋاغا چوڭ شەھەر تۇرمۇشىنى قوغلىشىپ كېلىشكەن، بىراق شېرىن خىياللار كۆپىنچە كۆپۈككە ئايلىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا تېنىنى سېتىش بىلەن جاھاندارچىلىق قىلىشقا توغرا كېلەتتى.

## «ئارام شىركىتى» خېنىم يەتكۈزۈپ بېرىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ

ھەر قانداق بىر گېزىتنىڭ ئېلان بېتىنى ئاچسىڭىز ھەممىلا جايدا دېگۈدەك «ئارام» دېگەن سۆزنى ئۇچرىتالايسىز، بۇ «خېنىم يەتكۈزۈپ بېرىش» تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شىركەتلەرنىڭ ئېلانىدۇر، پاھىشىۋازلار تېلېفون بېرىپ قويسىلا بۇ شىركەت «بېرىپ مۇلازىمەت قىلغۇچى خېنىملار» نى ئۆيىگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، ناسكانىڭ ئېيتىشىچە موسكۋادا



بۇنداق شىركەت كۆپ ئەمەسكەن، ئەمما ئۇلار پايتەختنىڭ ھەرقانداق جايىدىكى خېرىدارلىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرىدىكەن.

ئېلاندا كۆرسىتىلگەن نومۇرغا تېلېفون بەرسىڭىز، شىركەت نۆۋەتچى خادىمى سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى خاتىرىلىۋالىدۇ، تېلېفون نومۇرىڭىزغا قاراپلا تورۇشلۇق ئورنىڭىزنى جەزملەشتۈرىدۇ، ئۇ يەنە سىزنىڭ يېشىڭىز، جىنسىي ئىقتىدارىڭىز ھەمىلە قانداق قىزغا قىزىقىدىغانلىقىڭىزنىمۇ سورايدۇ، ھەق ئېلىش ئۆلچىمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 2 سائەت ئۈچۈن 500 ـ750 رۇبلىغىچە، شۇلاردىن كېيىن سىز شوپۇرنىڭ ئادرېسىڭىزنى سوراپ تېلېفون بېرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرىسىز، ئۇلار يەنە «كېرەكلىك مال» نى ئۆيىڭىزگە يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. كۆپ دېگەنىمۇ 1 سائەتتىن كېيىن قىزنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، بۇنداق چاغدا قىز بىرلا بولمايدۇ، بەلكى تاللىۋېلىشىڭىز ئۈچۈن بىر قانچەيلەننى ماشىنا بىلەن ئېلىپ كېلىدۇ، ئادەتتە «ھۆددىگە ئېلىنغۇچىلار گۇرۇپپىسى» 4 قىز ۋە شوپۇردىن تەركىب تاپىدۇ، گۇرۇپپىنىڭ ئادەم سانى مۇقىم بولىدۇ.

بىر قانچە يىل ئىلگىرى، موسكۋادا ئەڭ چوڭ بىر «ئارام شىركىتى» بولغان بولۇپ، خوجايىنىنىڭ ئىسمى سىلاۋا ئىدى. ئۇنى ساقچى ئىدارىسى ئىشتىن ھەيدىۋەتكەن بولۇپ، ئۇ ئىلگىرى پېتىروفكىدا مەخسۇس پاھىشىۋازلىق، تېنىنى سېتىشقا قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلىگەنىدى. قىزلارنىڭ ئېيتىشىچە، سىلاۋا بۇ جەھەتتىكى ئىشلارنىڭ ئېپىنى ھەممىدىن بەك بىلىدىكەن، شۇڭا ھېچكىم ئۇنىڭ بىرمۇ تال موينىنىمۇ تەۋرىتەلمەيدىكەن، كېيىن سىلاۋا زەھەر چېكىشكە ئادەتلىنىپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن قىزلارمۇ ئۇنىڭدىن بىربىرلەپ ئايرىلىپتۇ.

ھازىر موسكۋادىكى ئەڭ چوڭ «ئارام شىركىتى» نى بىر ئەر خوتۇن ئاچقان، ئۇلار ئاساسلىقى «بىرىنچى مۇلازىمەت قىلغۇچى» خېنىملار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، تىجارەت ۋاقتى كەچ سائەت 5 تىن سەھەر سائەت 5 كىچە، قىزلارغا دەم ئېلىش بېرىلىپلا قالماي، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى قىزىقىدىغان ئىشلارنى قىلىشىغىمۇ ئېتىبار بېرىلىدۇ، ئادەتتە ئۇلارنىڭ تىجارىتى ئۈچۈن ھەر يىلى 40 چە ئاپتوموبىل ئىشلىتىلىدىكەن. ھەر بىر قىزنىڭ مۇقىم نومۇرى، مۇقىم ئورنى ۋە خىزمەت لىنىيەسى بولىدۇ. ئەگەر خېرىدار بولمىسا، شوپۇر قىزلار بىلەن ئەتىسى ئەتىگەنگىچە بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرىدۇ، خېرىدارلار تۆلىگەن پۇلنىڭ 3 تىن بىر قىسمى قىزلارغا بېرىلىدۇ، شوپۇرنىڭ كىرىمى قىزلارنىڭكى بىلەن تەڭ بولىدۇ.



## ساقچىلار پاھىشىلەردىن ھەقسىز بەھرىمەن بولىدۇ

ساقچىلار بىلەن پاھىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى بەكمۇ ئالاھىدە، پاھىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ بېشىنى ئەڭ قاتۇرىدىغان ئىش موسكۋادا ئولتۇراقلىشىش گۇۋاھنامىسىغا تىزىملىتىش ئىكەن. ساقچىلار ئولتۇراقلىشىش گۇۋاھنامىسىنى دائىم تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ، گۇۋاھنامە بولغان تەقدىردىمۇ، ھەر قاچان يىرتىۋېتىلىشى مۇمكىن، بەزىدە بولسا گۇۋاھنامىڭىز بارمۇ دەپ سوراپمۇ قويۇشمايدۇ.

ساقچىلارغا كەچتە ئۇچرىغان قىزلار چۈشكەن ماشىنىلاردىكى 100 قىزدىن 99 ىنىڭ «بىرىنچى مۇلازىمەت قىلغۇچى» قىزلار دىن ئىكەنلىكى ئايان ئىكەن.

ئادەتتىكى ئەھۋالدا ساقچىلار بىلەن پاھىشىلەر ئۆز ئىشلىرى بىلەن بولۇپ، بىر بىرىگە دەخلى قىلىشمايدۇ.

ئەمما «ئارام» شىركىتىنىڭ نۆۋەتچى خادىمى ھەمىشە قىزلارنىڭ «ئىشخانا» غا بەرگەن تېلېفونىنى ئېلىپ قالىدۇ (بۇنداق ئەھۋالدا تېلېفوننىڭ نەدىن بېرىلگەنلىكىنى زادىلا بىلگىلى بولمايدۇ). ئۇنىڭدىن كېيىن ھۆددىگە ئېلىنغۇچىلار گۇرۇپپىسىنىڭ پاراسىتى ۋە چاققانلىقىغا قارايدىغان گەپ، دېيىشىپ قويۇلغان كوچىدا كېچىلىك نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان قوروق پارالا سېلىشىپ تۇرغان ساقچىلار ئۇلارنى كۈتۈۋاتقان بولىدۇ(بۇ ساقچىلار ئەلۋەتتە يۇقىراچە كىينگەن ئەلۋەتتە)، ئۇلار ماشىنىدىكى «ھۆددىگە ئېلىنغۇچىلار» نى چۈشۈرۈپ ئۇلار بىلەن سۆزلىشىشكە باشلايدۇ، «بىرىنچى مۇلازىمەت قىلغۇچى قىزلار» نىڭ ھەممىسى ماشىنىدىن چۈشۈپ بولغاندا، كۆلرەڭ كىيىم كىيىشكەن پاھىشىۋازلارمۇ پەيدا بولىدۇ، ئەگەر قىزلار قېچىپ كېتەلمىسە، ساقچىلارغا ھەقسىز مۇلازىمەت قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ......

ناسكا ماڭا مۇنداق بىر قىزىقارلىق ئىشنى سۆزلەپ بەردى: بىر قېتىم ناسكا ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى شۆبە ساقچى ئىدارىسىنىڭ خىزمەت بىناسىغا چاقىرتىپ كېلىنىپتۇ، كەلگەندىن كېيىن قىزلار ئىشخانىلارغا تەقسىملىنىپتۇ، ناسكا بۆلۈپ بېرىلگەن ھېلىقى ياش ساقچى ئۈستەلگە يېمەكلىكلەرنى تىزىپ، پىۋا پوتۇلكىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇ-





شىغا. ئىشىكنى قاققان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بۇ «پاھىشىۋاز» نىڭ خوتۇنى سەزگۈسىگە ئاساسەن كېچىلەپ شۇبە ساقچى ئىدارىسىغا يېتىپ كەلگەندى.

قېقىلغان ئاۋازنى ئاڭلىغان ساقچىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتىپتۇ ۋە چىراغنى دەرھال ئۆچۈرۈپ مۆكۈنۈۋېلىشقا ئالدىراپتۇ. ئۇنىڭ ئايالىنى ئالدىشى ئاسان ئەمەس ئىدى. بۇ خانىم ئىشىكنى قاققاچ ئەتىراپنى چاڭ كەلتۈرۈپ قىلىلغان، ئىشىك قېقىش ۋە تىللىغان سۆزەندىن پۈتۈن بىنا لەرزىگە كەلگەن، ئايال ئىشىكنى ئاچقۇزمىغىچە بولدى قىلمايدىغانلىقىنى سەزگەن ھېلىقى ساقچى يانىدىكى ئىشخانىدىكى خىزمەتداشلىرىغا ئاستا تېلېفون بېرىپ، خوتۇنۇمغا مېنى ۋەزىپە ئىجرا قىلغىلى چىقىپ كەتتى دەپ بولغا سېلىڭلار دەپ ئۆتۈنگەن. دوستلىرى ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلغان بولسىمۇ، كار قىلمىغان. دەل شۇ چاغدا شۇ ئاخشىمى ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا چىققان بىرنەچچە ئايال ساقچى يۈگۈرۈپ كېلىپ ياردەم قىلغان بولسىمۇ، ئالدانغان بۇ ئايال ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان. 2 سائەت ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ بۇ خانىم ئىشىك تۈۋىدىن ئايرىلمىغان، كېيىن ھاجەتخانىغا بارمىسا بولمايدىغان يېرىگە يەتكەندىلا ئىشىك تۈۋىدىن بىردەملىك ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان. ساقچى بىلەن ناسكا شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىشخانىدىن چىقىۋالغان. ئايال ھاجەتخانىدىن قايتىپ چىقىپ ئىشىكنى داۋاملىق مۇشتلاشقا باشلىغان. بىردەمدىن كېيىن كارىدورنىڭ يەنە بىر بېشىدىن مەزكۇر دېلودىكى باش جىنايەتچىنىڭ ئاۋازى كەلگەن، ئۇ ۋەزىپىدىن ھېلىلا كەلگەندەك ياسانغان. ئۇ يېتىپ كېلىپ خوتۇنىنى قاتتىق تىللاپ كەتكەن......

ناسكا بۇ ئائىلە تراگېدىيىسىنىڭ ئاخىرى قانداق چىققانلىقىنى بىلمەيدىكەن، بىر ئايال ساقچى ناسكانى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا يوشۇرۇپ قويغان، ناسكا ئايال ساقچىلاردىن باشقا ھەمراھلىرىم قېنى دەپ سورىغاندا ئايال ساقچىلار بەكمۇ ھەيران بولغان ھالدا: «نېمە؟ سىلەر قانچىڭلار كەلگەن ئىدىڭلار؟» دەپ سورىغان ھەمدە تېلېفون بېرىپ، ئەر ساقچىلارغا: «ناسكانىڭ ھەمراھلىرىنى ئەكېلىڭلار، سىلەرنىڭ ئۇلارنى ئىشخانىغا يوشۇرۇپ قويغىنىڭلار قانداق ئىش؟... » دېگەن. تاڭ يورۇشقا باشلىغاندا، ئۇلار قىزلارنى قويۇپ بەرگەن.

ئەلۋەتتە ـ بۇ تاسادىپىي ئەھۋال، ئادەتتە قىزلار شۇ چاغدا خىزمەت بىناسىدا بار ئەر ساقچىلارنىڭ ھەممىسىگە ھەقسىز «مۇلازىمەت» قىلىشىدىكەن.

دەم ئېلىش ۋاقتى ئاخىرلىشىپ، ناسكانىڭ «ئىشقا» بېرىش ۋاقتى توشقانىدى. ئۆي ئىگىسى ئۆي ئىجارىسىنى سۈيلەيتتى...

ئابدىلىم ئابدۇرېھىم(ت)



FAZHIZONCHENG

## رەھبىرىي كادىرلارنى ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلىدە مۇيەتتىش قىلىش تۈزۈمى مەملىكەت بويىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدىكەن

رەھبىرىي كادىرلارغا قارىتا نازارەتنى كۈچەيتىشنىڭ بىر تۈرلۈك ئۈنۈملۈك تەدبىرى ـ رەھبىرىي كادىرلار ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتىنى مۇيەتتىش قىلىش تۈزۈمى نۆۋەتتە قىسمەن رايونلاردا ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن. بۇ تەدبىر مەملىكەت مىقياسىدا كېڭەيتىلىدىكەن.

## دۆلىتىمىز ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 78.7 ياشقا يېتىدىكەن

«بېيجىڭ گېزىتى»نىڭ 1 ـ بانۇاردىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، جۇڭگو ياشانغانلار پەن تەتقىقات مەركىزىنىڭ قارىشىچە، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش كەلگۈسى يەر شارى نوپۇس تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى بولىدىكەن. 2050 ـ يىلى دۆلىتىمىز ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 78.7 ياشقا يېتىپ، تەرەققىي تاپقان دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ سەۋىيىسىگە يېقىنلىشىدىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە بېيجىڭ شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 80 ياشتىن ئاشىدىكەن.

«گېزىت ژۇرناللاردىن تەرمىلەر»دىن

## ئوقۇغۇچىلار 50 سائەت دەرس قالدۇرسا

يېقىندا، دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىقى ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش خىزمىتى يىغىنىدا «ستودېنتلارنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى»نى تولۇقلىغان ھەم مۇكەممەللەشتۈرگەن. بەلگىلىمىنىڭ «مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش» ماددىسىدا، دەرس قالدۇرغان ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان جازا ھەققىدە ئالاھىدە توختالغان: ئوقۇغۇچىلار بىر مەۋسۇم ئىچىدە 10 سائەت دەرس قالدۇرسا ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى، 20 سائەت دەرس قالدۇرسا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى، 30 سائەت دەرس قالدۇرسا گۇناھ يېزىش جازاسى بېرىلىدىكەن. 50 سائەت دەرس قالدۇرسا بۇيرۇق بىلەن مەكتەپتىن چېكىندۈرۈلىدىكەن.

«قانۇنچىلىق تەرمىلىرى»دىن

## ئۆتكەن يىل 3000 «ئامبار چاشقىنى» تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان

«جۇڭگو سودا ـ سانائەت گېزىتى»نىڭ 1999 ـ يىل 30 ـ دېكابىردىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، 1999 ـ يىل مەملىكەت بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان ئاشلىققا چېتىشلىق دېلو 3519 بولۇپ، «ئامبار چاشقىنى»دىن 2924 ى بىر تەرەپ قىلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلغىنى 418 ئادەم، پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغىنى 2506 ئادەم ئىكەن.

«گېزىت ژۇرناللاردىن تەرمىلەر»دىن

## كەسپىي تىلەمچىلەر شياڭگاڭنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزگەن

«گۇاڭجۇ گېزىتى»نىڭ 5 ـ بانۇاردىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، كەسپىي تىلەمچىلەر يېقىندا توپلىشىپ، سەپ تۈزۈپ شياڭگاڭ كوچىلىرىدا تىلەمچىلىك قىلغان. ئۇلارنىڭ بىر نەچچە ئاۋات كوچىلارنى ئارىلاپ، مېيىپ تېنىنى كۆرسىتىپ، شياڭگاڭلىقلار ۋە ساياھەتچىلەرنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن قىلغان بۇ قىلمىشلىرى شياڭگاڭنىڭ يول ـ مۇئامىلە مەركىزى بولۇشتەك خەلقئارالىق ئوبرازىغا ئېغىر دەخلى قىلغان. شياڭگاڭ ساياھەت جەمئىيىتىنىڭ قارىشىچە، بۇ تىلەمچىلەرنىڭ بۇ خىل ھەرىكىتى شياڭگاڭنىڭ گۈزەل ئوبرازىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەن. شۇڭا شياڭگاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىساد ئىدارىسىغا ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىپ، تەرتىپكە سېلىشنى تەلەپ قىلغان.

«گېزىت ژۇرناللاردىن تەرمىلەر»دىن

## 3 يىل ئىچىدە...

يېقىندا ج خ مىنىستىرى جيا چۇنۋاڭ 2000 ـ يىلدىن باشلاپ ئۇدا 3 يىل تىرىشىش ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، رەھبەرلىك يادروسىنى كۈچەيتىپ، قوشۇننىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ۋە قانۇن ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى روشەن دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش، چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى ئۈنۈملۈك چەكلەپ، خەلق ئاممىسىنى ج خ خىزمىتىدىن رازى بولىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.



## جىنايەتچى

89 ياشلىق بىر بوۋاي خۇداغا نالە قىلىپ يالۋۇرۇپتۇ:
«ئاھ خۇدا! مەن بىر ۋەھشىي جىنايەتچى، مېنىڭ جەننەتكە بېرىپ ھوزۇرلىنىش سالاھىيىتىم يوق، شۇڭا مېنى ئىنسانلار دۇنياسىدا قالدۇرغايسەن».

## كۈلۈۋېلىڭ

## سەۋەب

سوتچى: سەن نېمە ئۈچۈن تېپىۋالغان قىممەت باھالىق ئۈزۈكنى ساقچىغا ياكى ئىگىسىگە تاپشۇرمايسەن؟

جاۋابكار: مەن تاپشۇرۇش نىيىتىدە بولغانىدىم، بىراق ئۈزۈكتىكى سۆزنى كۆرۈپلا بۇ نىيىتىمدىن ياندىم.

سوتچى: قايسى سۆز ئىكەن ئۇ؟

جاۋابكار: «مەن ساڭا مەڭگۇ مەنسۇپ».



ئۈچ كېزەك بالىنىڭ دادىسى

## ئېلىشىش

سوتچى: سەن نەرسە ئوغرىلاپ باقتىڭمۇ؟

ئوغرى: گاھىدا.

سوتچى: قانداق يەردە ئوغرىلىدىڭ؟

ئوغرى: ھەممە يەردە.

سوتچى: ياخشى، ئەمدى سەن قاماقتا ياتىسەن.

ئوغرى: مېنى قاچان قويۇۋېتىسىلەر؟

سوتچى: ۋاقتى كەلگەندە.

## بۆرىگە كۆڭۈل بۆلۈش

بىر ئەر بىنانىڭ 31 ـ قەۋىتىدىن سەكرىمەكچى بوپتۇ. بىر ساقچى بىلەن بىر دوختۇر دېرىزە يېنىغا كېلىشىگە ھېلىقى ئادەم:

ـ يېقىن كەلمەڭلار! بولمىسا سەكرەپ ئۆلۈمەن! ـ دەپتۇ.

ـساقچى بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:

ـ دوستۇم، دوختۇر بولۇش سالاھىيىتىڭ بىلەن ئېيتقىنا، ئۇ بۆرىكنى ئىئانە قىلىشى مۇمكىنمۇ؟ ـدەپتۇ.

## مۇكاپات بۇيۇمى

ـ سائىتىڭ يامان ئەمەسكەن، نەدىن سېتىۋالدىڭ؟

ـ سېتىۋالمىدىم، يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدا 1 ـ بولۇپ مۇكاپاتلاندىم.

ـ شۇنداقمۇ؟ سەن قانچە ئادەم بىلەن مۇسابىقىگە چۈشتۈڭ؟ ئۇلار كىملەر؟

ـ مەن بىلەن جەمئىي 3 ئادەم، ساقچى 2 ـ بولدى، سائەتنىڭ ئىگىسى 3 ـ بولدى.

## كۈلۈۋېلىڭ

## پالچى ئايال

بىر سوتچى زاسېداتېللارنىڭ تۈرلۈك باھانە سەۋەبلەرنى ئېرەڭسىزلىك بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرغاندا، بىر ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـھۆرمەتلىك سوتچى جانابلىرى، مەن پالچى، دېلونىڭ نەتىجىسىنى بىلىپ بولدۇم، ـدەپ ۋارقىراپتۇ.

سوتچى ئۇنى زالدىن چىقىرىۋەتكەن چاغدا ھېلىقى ئايال:

ـ سىزنىڭ مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىڭىزنى ئالدىن بىلگەنىدىم، ـ دەپتۇ.



ناھەق يېگەن شاپىلاق



## يولداش مۇھەررىر:

مەن بىر كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولسام، لېكىن دەرسنىڭ سىرتىدىكى ۋاقىتلاردا ھەر ئايلىق «ئامانلىق» ژۇرنىلىنى تولۇق ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن.

مەن جەمئىيەت ئامانلىقى، قانۇن ساۋاتلىرى، ئامانلىق ساقلاش قاتارلىق سىياسىي خاراكتېرلىك ماقالىلارنى ئوقۇشقا قىزىقىمەن. سىلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن جەمئىيەت ئامانلىقىنى ياخشى قوغداپ، جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان قانۇنسىز قىلمىشلارنى ئاشكارىلىغان ماقالىلارنى بېرىپ، قانۇن ساپاسى تۆۋەن كىشىلەرنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشىڭلارنى، ژۇرنالنىڭ كېيىنكى سانلىرىدا جىنايەتچىلەرنىڭ خەتەرلىك يار لېۋىدىن قايتىپ يېڭىدىن ئادەم بولۇپ چىققانلىقىغا ئائىت ماقالىلارنىمۇ ئېلان قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاقسۇ ئۆزتۈسۈ ناھىيە كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا



## كېيىنكى ساندىكى مۇھىم ماقالىلار:

بىز ئوقۇرمەن دوستلارنىڭ كۆڭلىدىكى ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇسلۇبى يېڭى، ۋەقەلىكى قىزىقارلىق، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى مول، تەسىرچانلىقى كۈچلۈك، نادىر ماقالىلارنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇنماقچىمىز. «بىر ئايالنىڭ كۆككۆل قويۇپ يىلانلىغان ئالدامچىلىقى»، «ياپونىيىلىك جۈڭگو مۇھاجىرى بىلەن جۇڭگولۇق بىر ئايالنىڭ مەخپىيىتى»، «ئىقتىسادىي ماجىرادىن كېلىپ چىققان پاجىئە»، «ئاقسۇدىكى زوراۋان تېرورچىلار جىنايەت گۇرۇھىنىڭ تارمار قىلىنىشى» (داۋامى) نۆۋەتتىكى سانغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.





## ژۇرنىلىمىزنى باھالاپ كۆرۈڭ

| ئىسىم فامىلىسى | | كەسپى | | ئادرېسى | | پوچتا نومۇرى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سىز بۇ سانىمىزدا ئەڭ ياقتۇرغان ماقالە قانچە؟ | | | | | | | |
| مۇقاۋا، بەت ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولغان باھايىڭىز؟ | | | | | | | |
| بۇ ساندا بايقىغان خاتالىقلار قانچىلىك؟ | | | | | | | |

**ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە.**



# يېڭى سۈرەتلەردىن ئالبوم



يادىچى باللار (ئۆمەرجان قاسىم فوتوسى)



باراقسان يېرا يولى (چىك گۇاڭ فوتوسى)



كەچكى شەپەق (ئۆمەرجان قاسىم فوتوسى)



يايلاقنىڭ سەھىرى (چىك گۇاڭ فوتوسى)



چېڭ گۇاڭ فوتوسى

CN65-1009/ D-W
باھاسى: 4.00 يۈەن